# كۈرەش ئۆلمەيدۇ

## Küresh - The Struggle Never Dies

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
ABDUSHUKUR MUHEMMET

# كۈرەش ئۆلمەيدۇ

## Küresh - The Struggle Never Dies

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
Taklamakan Uyghur Publishing House

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

# كۈرەش ئۆلمەيدۇ

## Küresh – The Struggle Never Dies

By Abdushukur Muhemmet

2019 - يىل سېنتەبىر - بىرىنچى نەشرى

ISBN: 978-91-519-2391-8

Taklamakan Uyghur Publishing House | تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
Turkey – تۈركىيە










HUSET




'04 6 18













بِسمِ اللهِ الرَّ
كورەش ئۆلدى دىسە كىم ئىشىنىدۇ؟
مىنىڭ ئۆلۈشۈم تەبئى،
ئەمما كورەش ئۆلمەيدۇ،
ئۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!
— كورەش كۆسەن


حمنِ الرَّحِيم
Korash Kosen
Sultanoghli
1959-7-21 - 2006-10-29
Uygurie
Östturkistan

## مۇندەرىجە

چولپان تۇغۇلدى ........ 003
سەپەر ........ 010
كۇچادا قېلىش ........ 023
بالىلىق چاغلار ........ 028
سۇلتانجان تۇتقۇندا ........ 033
غۇلجىغا سەپەر ........ 039
چولۇڭقايدىكى كۈنلەر ........ 043
كۆرەشنىڭ تۇنجى ناخشىسى ........ 048
شۇرغانلىق كېچە ........ 052
يۇرتقا قايتىش ........ 056
كىچىك شاگىرت ........ 061
گىلەم زاۋۇتىدىكى بالا ئىشچى ........ 069
كەلمىگەن تەلەي ........ 073
ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپكە كىرىش ........ 076
ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپتىكى كۈنلەر ........ 080
«غۇنچىلار مۇكاپاتى» پروگراممىسى ۋە ياش چولپان ........ 085
ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئورۇندالغان سىمفونىيە ........ 090

كۆزمونچاق، ھەسرەت ۋە ئېچىنىش ........ 095
ئويۇن قويۇش ئۆمىكى ........ 101
يەرنى ساتماڭلار ........ 106
چەت ئەلگە سەپەر ........ 111
قىرغىزىستاندىكى كۈنلەر ........ 116
ئېسكىلستۇناغا ماكانلىشىش ........ 121
شۋېتسىيە تېلېۋىزىيەسىدە ........ 125
ئالپ مۆللېر ۋە «دۇنىيا مۇزىكا ئوركېستىرى» ........ 129
تېلېفوندىكى جەڭ ........ 134
ماتەم ........ 141
ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلار ........ 146
كەم قالغان ئىككى ئېغىز سۆز ........ 148

## چولپان تۇغۇلدى

1959 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۈن كېچە، ئۈرۈمچى شەھىرى غەرق سۈت ئۈيقۇدا ئىدى. يۇلتۇزلار جىمىرلىغان كۆك ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك، ئەمدىلا ھۆسنىگە تولغان تولۇنئاي شۇنچىلىك يارقىن ئىدى. شەھەرنىڭ ياز كېچىسىدىكى بۇ سۈكۈناتى ئادەمگە خاتىرجەملىكتىن كۆپرەك ۋەھىملىك تۇيغۇ بېرەتتى. بەلكىم بۇ شەھەردىكى جاھان غەۋغالىرىدىن چارچىغان ئىنسانلار بۇ دۇنيانىڭ غەملىرىدىن ئۇيقۇ ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولغاندۇ. سىياسىي بوران ـ چاپقۇن قاپلىغان بۇ شەھەر تېخى يېقىندىلا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ زىيىنىدا قەلبى جاراھەتلەنگەن ئىنسانلارنى ئەمدىلا باغرىغا باسقان ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆز ئۆيىدە بىر كېچە بولسىمۇ قېنىپ ئۇخلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق بۇ پۇرسەت سۇلتانجان ۋە تىللاخانغا نسىپ بولمىدى. تىللاخاننىڭ ئەنسىز ئىڭراشلىرى قاتتىق ئۇيقۇدىكى سۇلتاننى ئويغىتىۋەتتى.

ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغاندىيۇ ئەمما، ئۇيقۇنىڭ شېرىنلىكىدىن ئېسىگە كېلەلمەي، بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئايالى تىللاخاننىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بېرىپلا چىراقنى ياندۇردى. تىللاخان بىر قولىدا تومپايغان قورسىقىنى تۇتۇپ، كات قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ ئىڭراۋاتاتتى. تىللاخان ئېغىر ئاياق بولۇپ، توي قىلغىلى بىر يىلدىن ئاشقان بۇ بىر جۈپ ياش ئەر ـ ئايالنىڭ تۇنجى پەرزەنتى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچماقچى ئىدى.

ـ دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟ ـ دېدى سۇلتانجان ئايالى تىللاخانغا.

ـ مەيلى، تولغاق باشلانغاندەك قىلىدۇ، قورسىقىم قاتتىق تولغاپ ئاغرىۋاتىدۇ، ـ دېدى تىللاخان ئىڭراپ تۇرۇپ.

سۇلتانجان ئايالى تىللاخاننى يۆلەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. تالا ئاي يورۇقىدا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچى شامالباغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرىدىغان بولۇپ، دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ كېچىدە قاتناشمۇ يوق ئىدى. ئىدارىنىڭ شوپۇرىنى ئويغىتىش تېخىمۇ ئەپسىز ئىدى. سۇلتانجان ئاخىرى ئايالى تىللاخاننى ۋېلىسىپىتىنىڭ

ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى، بىراق ئۆزى ۋېلىسىپىتنى مىنىپ ماڭسا، ئايالىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭدى. تىللاخاننىڭ ئىڭراشلىرى ۋە ۋېلىسىپىت پىدالىدىن چىققان ئاۋاز ئەمدى شەھەر جىمجىتلىقىغا ئازىراق ھايات بەرگەندەك ئىدى. ئۇلار چىنە زاۋۇتى ئۇدۇلىغا كەلگەندە يىراق بىر يەرلەردىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

- بۇ خورازنىڭ قانچىنچى چىللىشىدۇ - دېدى سۇلتانجان ئۆز - ئۆزىگە.

- ئىككىنچى- دەپ جاۋاپ بەردى تىللاخان ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ.

- ئۇنداقتا تاڭ ئېتىشقا خېلى بار ئىكەن. دوختۇرلارنى ئويغاتقىلى بولسا بولاتتى،- دېدى سۇلتانجان ئۆز-ئۆزىگە غودۇڭشىپ.

ئۇلار ئالدىرغانچە يول ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. سۇلتانجان ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئادەم مىنگەشتۈرۈپ، يېتىلەپ مېڭىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ مېڭىشقا تىرىشىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ياسالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەر قېتىم ۋېلىسىپىتنىڭ چاقى يولنىڭ ئويى - چوڭقۇر يېرىگە

چۈشكەندە تىللاخان تېخىمۇ قاتتىق ئىڭرايتتى. بۇ ئەھۋال سۇلتانجاننى تېخىمۇ تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

ئۇلار نوغاي مەسچىتىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يول دۆڭلىششكە قاراپ ماڭدى. «ھېلىمۇ ياز بولۇپ قاپتۇ، ئەگەر قىش ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا، قانداق قىلار ئىدىم، يولنىڭ ھەم دۆڭ ھەم ئەسكىلىكىدە كۆرگىلىكىمنى كۆرەر ئىكەنمەن.» دەپ ئويلىدى سۇلتانجان ئىچىدە. ئۇلار دوختۇرخانىغا كەلگەندە، ھېلىمۇ ياخشى تۇغۇت دوختۇرى ئەمدىلا بىر تۇغۇتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىكار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. تىللاخان شۇزامانلا تۇغۇت بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كېتىلدى.

سۇلتانجان كۈتۈش زالىدا قالدى. ئۇ ئايالىنى دوختۇرلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. ئىچىدە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان پەرزەنتىنىڭ ساق سالامەت تۇغۇلىشىنى، ئايالىنىڭ تۇغۇتتىن ساق ـ سالامەت چىقىشىنى خۇدادىن تىلىدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئېسىدە يوق، بىر چاغدا بىر سېستىرا چىقىپ:

ـ ئايالىڭىز سالامەت بوشاندى، مۇبارەك بولسۇن بىر ئوغۇللۇق بولدىڭىز، بالىمۇ، ئانىسىمۇ ياخشى ـ دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ـ بىراق ھازىرچە تۇغۇت بۆلۈمىدە

قالىدۇ، ئېلىپ چىقىدىغانىدا سىزگە خەۋەر قىلىمىز ـ دېدى قوشۇمچە قىلىپ.

شۇندىلا سۇلتانجاننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئۇ جىددىيلەشكەن كەيپىياتنى بېسىپ، بىردەم سەگىدەش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. تالا بىر ئاز سالقىن ئىدى، ئەمما سۇلتانجان راھەت ھېس قىلدى. ئاي يەنىلا يورۇق ئىدى، ئاي نۇرى ھەممە نەرسىلەرنى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى. بەلكىم تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالغاندۇ. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، ئاسماندا چولپان يۇلتۇزى ئادەتتىن تاشقىرى چاقناپ تۇراتتى. «چولپان يۇلتۇزى بەخت ۋە خوشاللىقنىڭ بەلگىسى، ئۇ ئادەتتە باشقا يۇلتۇزلارغا قارىغاندا روشەن ھەم چىرايلىق بولىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ بۈگۈن بەكلا يارقىن چاقنىشى ئوغلۇم ئىگە بولۇدىغان بەختنىڭ بىشارىتىدۇ، ئۇنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونغاي» ، دەپ دۇئا قىلدى سۇلتانجان ئىچىدە.

تاڭ ئاتتى، ئۇيۇق يۈزى سۈزۈلۈشكە باشلىدى. سۇلتانجان دوختۇرخانىغا قايتىپ كىرگەندە تۇغۇتلۇق ئايالى تىللاخان بىلەن يېڭىدىن تۇغۇلغان ئوغلى كارىۋاتتا ياتاتتى. بوۋاقنىڭ بۇدرە چاچلىرى، چولپاندەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، ئاسمانغا سوزۇلغان يۇمران قوللىرى ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى. چولپان بىلەن تۇغۇلغان

بۇ ئوغـۇل كېيىنكى ۋاقىتلاردا چولپانغا  ئايلىنىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە سۇلتانجان ئوغلىنىڭ ئات قويۇش مۇراسىمىنى قىلدى. ئات قويۇش مۇراسىمى گەرچە ئەينى چاغنىڭ شارائىتى بويىچە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن قىزغىن بولدى. ئات قويۇش مۇراسىمدا ئابلىز شاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىغا يېڭىدىن كەلگەن بىر تۈركۈم ياش ناخشىچى ۋە سەنئەتكارلار بار ئىدى. ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم تالانتلىق ياش سەنئەتكارلار بولۇپ، رادىئونىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

سۇلتانجان ئوغلىنى قولىغا ئېلىپ، تەكبىر ئېيتىپ كۈرەش دېگەن ئىسمنى توۋلىدى، ئولتۇرغان جامائەت كىچىك كۈرەشنى قوللىرىغا ئېلىشىپ، بىر-بىرلەپ مۇبارەكلەشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دۇنياغا يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان بۇ كىچىك جاننىڭ ئىسمى كۈرەش بولدى. سۇلتانجان بۇ ئىسمنى ئەينى چاغدىكى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ تەسىرىدىن قويدىمۇ ياكى كۈرەشنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى كۈرەشچان ھاياتى ئۈچۈن قويدىمۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھازىرچە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كۈرەش

ئىكەنلىكىنى ۋە جەمئىيەتتە زۇلۇمغا ئايلانغان سىياسىي كۈرەشنىڭ دولقۇنلىرىنى بىلمەيدىغان بۇ جان شۇندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ كۈرەشچان ھاياتىغا قەدەم قويدى.

# سەپەر

*1963 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.*

كۆلرەڭ پوچتا ماشىنىسى ئاغى بۇلاقنىڭ تار، ئەگرى ـ بۈگرى ۋە ياسالمىغان تاشلىق يولدا ئىغاڭلاپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ كېتىۋاتقان بۇ تۈرقى خۇددى تېنىنى كۆتۈرەلمەي، ئىغاڭلاپ كېتىۋاتقان ئېيىققا ئوخشايتتى. 3 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقا يوللارنىڭ بەزى يەرلىرىدە قار بار ئىدى. ياز كۈنلىرىمۇ ئانچە كۆڭۈللۈك بىلىنمەيدىغان بۇ يول ھازىر ئادەمگە تېخىمۇ زېرىكىشلىك بىلىنەتتى. يول ياقىلىرىدا، تاغ باغرىلىرىدا، تاشنىڭ يوچۇقلىرىدا ئاندا ـ ساندا ئۆسۈپ قالىدىغان چاكاندا، يىچانگۈل ۋە شالدىراق ئوتلارنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنىڭ سوغۇقتا دىردىيىپ تۇرغان بىچارە ھالىتىنى كۆرگەندىن باشقا ھېچقانداق گىياھ كۆرگىلى بولمايتتى.

ئاغى بۇلاق داۋىنى تۇرپاننىڭ توقسۇن ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، كۈمۈشكىچە سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ

چۈللىككە ئىچكىرىلەپ كىرگەن قۇرغاق تاغلىرىدىن ھاسىل بولغان داۋان بولۇپ، جەنۇبتىكى ناھىيە بازارلىرىدىن ئۈرۈمچىگە ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى ناھىيە بازارلارغا ۋە ئۇ يەردىن جەنۇبقا بىرىشتا ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم داۋان ئىدى. تارىختا بۇ يەر ئەڭ قىيىن داۋانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ، ناخشا ـ قوشاقلارغا قېتىلغان ئىدى.

*تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،*
*ئاغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى.*
*ئۇستىگە قارلار يېغىپتۇ،*
*ئاستىدا گۈلباغلىرى.*

خەلق ئارىسىغا تارقالغان بۇ ناخشا ئاغى بۇلاق داۋىنىنىڭ ئاددىي بىر تەسۋىرى بولۇپ، داۋاننىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدى. ئەمما ناخشىدا تەسۋىرلەنگەندەك ئاغى بۇلاق تاغلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۈلباغلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە پولات تاۋلاش قاتارلىق سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ غەۋغاسى بىلەن ئاغى بۇلاق تاغلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۈلباغلار ئاللىقاچان خاراپلىشىپ، چالا كۆيگەن رودىلارنىڭ ئورەكلىرىگە ۋە ئەخلەتخانىسىغا ئايلانغانىدى. بەزىلىرى قاراقسىز تاشلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەت

سۆيگۈسى بولمىغان ئىنسانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانىدى.

ماشىنىدا شوپۇردىن باشقا سۇلتانجان، تىللاخان ۋە ئەمدىلا 4 ياشقا كىرگەن كۈرەش بار ئىدى. ماشىنىنىڭ ئىچى تار بولسىمۇ، ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرۇش كوزۇپتا نەرسە كېرەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن كۆپ ياخشى ئىدى. كۈرەشنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپىسى تىللاخان قۇچۇقىغا ئېلىۋالغان ئىدى. بۇلار ئۈرۈمچىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، ئاقسۇغا كېتىۋاتاتتى.

سۇلتانجان ئەسلى قەشقەر ئوپالدىن بولۇپ، فامىلىسى قوزىباي ئىدى. ياش ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىپ، شىنجاڭ ئىنىستىتوتىدا ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە خەۋەر تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

تىللاخاننىڭ دادىسى خوتەن قاراقاشتىن بولۇپ، ئىسمى سېيتئاخۇن ئىدى. سېيتئاخۇن 13 ياش ۋاقتىلىرىدا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە چىققان ۋە ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. دەسلەپتە باشقىلارنىڭ دۇكىنىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن دۇكان ئايرىپ چىقىپ، تىجارەت قىلغان. تىللاخان ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بەيتۇللاھ مەسچىتى جايلاشقان كۆنچى مەھەللىسىدە چوڭ بولغان. بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ يەنە بىر نامى

خوتەن مەسچىتى بولۇپ، بۇ مەسچىتنى مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان خوتەنلىكلەر سالغان ئىكەن. تىللاخان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پوچتا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن داشىمىن(يۇملاق دەڭ) پوچتىخانىدا ئىشلىگەن.

1958 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سۇلتانجان ۋە تىللاخان تەقدىرىنىڭ ئۇچراشتۇرىشى بىلەن توي قىلغان. ئۇلار توي قىلغان مەزگىللەر چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە پولات تاۋلاش كۆرەشلىرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، سۇلتانجانمۇ بىر مەزگىل پولات تاۋلىغۇچىلارنىڭ سېپىدە بولغان. كېيىن رادىئودا تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئادەم يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، داۋاملىق خەۋەر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. بىراق 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە دەز كەتكەندىن كېيىن، ئاخبارات ئورنىدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرگە بولغان ئاستىرتتىن نازارەت قىلىش كۈچەيگەن. سۇلتانجان ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. 1962 ـ يىلى ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى پارتلىغاندا نازارەتكە ئېلىنغان. 1963 ـ يىلى يىل بېشىدا سىياسىي جەھەتتە مەسلىسى بار، چەت ئەلدە تۇغقىنى بارلار رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ئىشلىسە بولمايدۇ، دېگەن سىياسەت

بېكىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانجان بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىدىن قوغلىنىپ، ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان. سەۋەبى سۇلتانجاننىڭ بىر قېرىندىشى 1954-يىلى دۆلەت تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتماي تاشكەنتتە قېلىپ قالغانىدى.

بۈگۈن ئۇلار سەھەر ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، ئائىلە بويىچە ئاقسۇغا كېتىۋاتاتتى. ئۈرۈمچى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدا باشقا قاتناش ۋاستىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقسۇغا بارىدىغان پوچتا ماشىنىسى بىلەن يولغا چىققان ئىدى. شوپۇر بۈگۈن كۈمۈشكە بېرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. كۈمۈش بازىرى ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا بېرىشتىكى كىچىك بىر ئۆتەڭ بولۇپ، شوپۇرلار بۇ يەردە چوقۇم بىر كېچە قونۇپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. گەرچە ئۇلار ئاغى بۇلاقنىڭ داۋىنىدىن چىقىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن يول ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن يولى ئاۋۇمايۋاتاتتى. تىللاخانمۇ يول ئازابىدىن بەللىرى ئاغرىپ، بىر دەم سوزۇلۇپ يېتىۋېلىشقا شۇنچىلىك تەقاززا بولۇۋاتاتتى. تىللاخان يەنە ئېغىر ئاياق بولۇپ، قورسىقىدىكى بالىغمۇ يەتتە ئايلىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرەشمۇ ھېلىدىن-ھېلى قۇچۇقىغا چىقىۋېلىپ، بەك ئاۋارە قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قۇياش ئولتۇرۇپ، شام ۋاقتىدىن ئۆتكەندە كۈمۈشكە

كېلىپ، ئاران تەستە ياتاققا ئورۇنلاشتى.

ئاقسۇغا يول تېخى ئۇزۇن ئىدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چىقىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. ماشىنىنىڭ موتور سۈيىنى ئېرىتىپ، ئوت ئالدۇرۇش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ھەر ھالدا بۈگۈن ئانچە قىيىنچىلىق بولمىدى. ئۇلار يولغا چىققان ۋاقىتتا كۈن چىقىپ بولغانىدى. ئەمدىكى نىشان كورلا ئىدى. بۈگۈن كەچ كىرگۈچە كورلىغا بېرىۋالسا، كورلىدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى كەچكىچە ئاقسۇغا ئۇلاشقىلى بولاتتى. بىراق قېرىشقاندەك كۆمۈشتىن كېيىنكى تاش يول ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. يوللارنىڭ بەزى يەرلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى دېگەندەك، شوپۇر ئالدىرىغانچە ماشىنىنىڭ مېڭىشى بەك قولايسىز بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىللاخان ئېغىر ئاياغ بولغانلىقى ئۈچۈن ماشىنىنى ئۇنچىلىك قوپال ھەيدەشكىمۇ بولمايتتى. ماشىنىدا ھەر كىم ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. شوپۇر بۈگۈن كورلىغا بالدۇراق بېرىۋېلىشنى ئويلايتتى، تىللاخان قورسىقىدىكى ھامىلىنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرىدىن بىئارام ئىدى، سۇلتانجان ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن نېمە قىسمەت، تەقدىرگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ تىگى يوق خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ماشىنا تاشلىق يولدا ئېغاڭلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. سۇلتانجان

تاشكەنتتە تۇرۇپ قالغان ئىنىسىدىن خاپا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەن بولسا، بۇنداق سۇرگۇنگە دۇچار بولماستىم، دەپ ئويلايتتى ئىچىدە. بىراق بىردەمدىن كېيىن بۇ خىيالىدىنمۇ يالتىياتتى. ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلگەن بولسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇشقا كېتىپ، قايتىپ كەلگەنلەر نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. بىر ھېسابتىن قېلىپ قالغىنىمۇ بوپتۇ، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئازاپتىن قۇتۇلدى. بۇ زېمىندا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. سۇلتانجاننىڭ خىياللىرى ئاستا - ئاستا ماشىنا ئارقىسىدا قېلىۋاتقان چۆللەردەك چەكسىز، قۇرغاق ۋە تۈگىمەس ئىدى.

قۇياش تەڭرىتېغىنىڭ چوققىسىغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى. قۇياش يەنە ئازراق سىلجىسا، تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ كۈن پېتىۋاتقانلىقىنىڭ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى. چۆلنى قاراڭغۇلۇق قاپلىسا، ئادەمگە سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئامال بار كورلىغا بالدۇرراق بېرىۋېلىشنى ئويلايتتى. بىراق ئۇلار تېخى قارا شەھەرگىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ھېلى دادىسىنىڭ، ھېلى ئاپىسىنىڭ قۇچۇقىدا تىپىرلاپ بولالمايۋاتقان كىچىك كۈرەش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ تار كوزۇپى ئىچىدە كۈن - كۈنلەپ ئولتۇرۇش تولىمۇ ئازاپلىق ئىش ئىدى. ئۇنىڭچە بولسا، ھازىرلا ماشىنىدىن چۈشۈپ كەڭ دالىدا ئۇياقتىن -

بۇياققا يۆگـۆرۈپ، قىيغىتىـپ ئۇيىنغۇسـى بـار ئىـدى. ئۇنىـڭ يۇمـران، پـاك قەلبـى ئاتا-ئانىسـىنىڭ دەردىنـى، نېمىلەرنـى ئويلاۋاتقانلىقىنـى نەدىـن بىلسـۇن!؟ ئـۇ باللىقىنـڭ غەمسـىز زېمىنىـدا ئۆزىنىـڭ ئويۇنـى بىلـەن بەنـت ئىـدى.

زېمىنغـا ئالەمنىـڭ قـارا پەردىسـى يېپىلىـپ، يىراقتىـن چىراقلارنىـڭ غـۇۋا نۇرلىـرى كۆرۈنۈشـكە باشـلىدى.

- قـارا شـەھەرگە ئـاز قالـدۇق - دېـدى شـوپۇر، -يەنـە يېرىـم سائەتلەردىن كېيىـن قارا شـەھەر دەرياسـىدىن ئۆتىمىز. تەلىيىمىزگـە قـارا شـەھەر دەرياسـىنىڭ كۆۋرۈكـى سـاق بولسـا ياخشـى بولاتتـى.

شـوپۇرنىڭ چىرايىـدا قاراشـەھەرگە ئـاز قالغانلىقىدىـن خوشـاللىنىش ئىپادىلىـرى جىلـۋە ئەتسـىمۇ، ئەممـا كۆڭلىـدە يەنـە بىـر تەشۋىشـمۇ بـار ئىـدى. چۈنكـى هـەر يىلـى 3 - ئـاي مەزگىلىدىـن باشـلاپ قـارا شـەھەر دەرياسـىدا تاشـقىن بولاتتـى. تـاغ تەرەپتىـن ئېرىـپ كېلىدىغـان ئەگىـز سـۇلىرى دەريـا سـۈيىگە قوشـۇلۇپ، ئېقىنغـا پاتماي قالاتتى. ئەسلىدىن ئانچە ئېگىـز ياسـالمىغان ياغـاچ كـۆۋرۈك سـۇ بىلـەن ئېقىـپ كەلگـەن مـۇز پارچىلىـرى ۋە چـاۋا - چاتقىلارغـا تولسـالغۇ بولـۇپ، سـۇنى ئېقىندىـن تاشـۇرىۋېتەتتى. بەزىـدە كـۆۋرۈك بىرقانچـە كـۈن سـۇنىڭ ئاسـتىدا قالسـا، بەزىـدە كۆۋرۈكنـى سـەل ئېلىـپ كېتەتتـى.

ماشىنا قارا شەھەر دەرياسىغا يېقىنلاشقانچە، قاراشەھەر دەرياسىدىن كېلىۋاتقان ئۇزۇك - ئۇزۇك شاۋقۇنلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئادەتتە قاراشەھەر دەرياسى قارىماققا شۇنچە جىمجىت ئاقىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئاستى بەكلا تېز ئاقاتتى، شۇڭا تاغ تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسە سۇ ئاستىدىكى نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇشى بىلەن قاتتىق شاۋقۇن چىقاتتى. يولنى ماشىنىنىڭ چىرىقىدىن باشقا يورۇتقۇدەك ھېچقانداق باشقا يورۇقلۇق يوق ئىدى. ماشىنا كۆۋرۈككە يېقىنلاپ قالغانىدى.

- خۇداغا شۈكرى - دېدى شوپۇر نەپەسىنى تولۇق قويۇۋېتىپ، - كۆۋرۈكنى سۇ بېسىپ كەتكەنمىدۇ، دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم، سۇ تېخى ئۇ دەرىجىدە ئۆرلىمەپتۇ. كۆۋرۈكتىن خاتىرجەم ئۆتىدىغان بولدۇق.

- بەلكىم مەزگىلى يېتىپ كەلمىگەن بولسا كېرەك - دېدى سۇلتانجان شوپۇرغا قاراپ،- ئادەتتە ئەگىز سۈيى نورۇزدىن باشلاپ ئەۋجىگە چىقىدۇ. گەرچە نورۇز ئېيى كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھاۋا تېخى ئىللىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھار بۇ يىل كېچىكىپ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

- كۆڭلۈمدە بىر ئەنسىرەش بار ئىدى، ئەمدى كۆۋرۈكتىنمۇ سالامەت ئۆتۈۋالدۇق. كورلىغا بارىمىز دېسەك بەك كەچ قالغۇدەكمىز، بۇگۈن كېچىنى تاشدەندە ئۆتكۈزسەك -

دېدى شوپۇر كۈلۈمسىرەپ.- ئەمما ئەتە بەكرەك سەھەر قوزغىلايلى، بولمىسا، ئاقسۇغا يېتىپ بارالمايمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخىرى تاشتەندە قوندى. تار قەپەسكە سولىنىپ قالغان شىر بالىسىدەك تىت - تىت بولۇپ كەتكەن كۈرەش ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇياق - بۇياققا ماڭغىلى تۇردى، ئاپىسى تىللاخان كۈرەشنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرەتتى، ئەمما قورسىقى خېلى ئېغىرلاپ قالغاچقا مېڭىشى تەس بولۇۋاتاتتى. ئۈنىڭ ئۈستىگە ماشىنىدا ھەرىكەت قىلماي ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەچكە پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئىدى. شوپۇر بىلەن سۇلتانجان ياتاق ئۇقۇشۇش ئۈچۈن كۆتۈۋېلىش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەتىسى ئۈچىنچى خوراز چىللىغاندا يولغا چىقتى. تاڭ ئەمدى سۈزۈلۈشكە باشلىغان بولغاچقا يىراقتىكى نەرسىلەرنى تېخى ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار ناشتىنى كورلىدا قىلىشقا كېلىشكەن ئىدى. ئۇيقىسىغا قانمىغان كۈرەش دادىسى سۇلتانجاننىڭ قۇچۇقىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار باشئەگمىدىن ئۆتۈشكە تاڭ يورۇدى.

ئۇلار كورلىدا خېلى ئۇبدان غىزالاندى، ئەمما كۈرەش ئۇيقىسىنى ئاچالماي تۈزۈك بىر نەرسە يېيەلمىدى. يولدا

كۈرەشكە بېرىش ئۈچۈن نان ۋە سۇ ئېلىۋالدى. چۈشلۈك تاماقنى كۇچادا يېيىشنى پىلان قىلدى. كورلا بىلەن بۈگۈرنىڭ ئارىلىقىدا چېدىرگە ئوخشاش بىرقىسىم بۈگۈر ناھىيىسىگە تەۋە يېزىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا يول يەنىلا چۆل باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلاتتى. چۆلدىكى زومچەك-زومچەك قەبرىگە ئوخشايدىغان كىچىك تۆپىلەر ئادەمنى ئىختىيارسىز تارىخ قاينىمىغا باشلاپ كىرەتتى. بۇ زومچەكلەر چۆللەردە قەبرىسىز قالغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان قەبرىسىدەك بىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۆسۈپ قالغان چاكاندا ۋە قامغاقلار ئۇلارغا سوۋغا قىلىنغان گۈل - چېچەكتەك كۆرۈنەتتى. «بىزمۇ تارىختا ئايلىنىمىز بىر كۈنلەردە، بىزنىڭمۇ دەرت-ھەسرەتلىرىمىزنى يازىدىغان ئادەم چىقارمۇ؟ بىراق، تارىخىمىز ئاساسەن خاتىرىسىز قالغانىكەن، يېزىلغانلىرىنىڭ بىر قىسمى يېغىلىق يىللىرىدا ۋەيران بولغان بولسا، يەنە بىرقىسمى ئەقلى كور سۇپى، ئىشان ۋە ئىمان ئوغرىلىرىنىڭ قولىدا جەھەننەمگە مەھكۇم قىلىنىپتۇ» دەپ ئويلايتتى سۇلتانجان ئىچىدە.

ماشىنا يولدا بىر خىل سۈرەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. يولدا ئۇچراپ قالىدىغان ماشىنا ياكى ئاپتوبۇسلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ھەممە يەرنى سىياسىي كۈرەش قاپلىغان بۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز بىر يەرگە بېرىشمۇ قىيىن ئىدى. رۇخسەتسىز ماڭغانلار ناۋادا يولدا تۇتۇلۇپ

قالسا، ئېغىر جازالىناتتى.

- بۇگۇرگە ئاز قالدۇق - دېدى شوپۇر ئالدىكى مەھەللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، - بۇگۇردىن ئۆتسەكلا كۇچاغا كېلىمىز.

بۇگۇر تارىختا قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگراسى بولغان ئىكەن، بۇگۇنمۇ ئاقسۇ بىلەن كورلىنىڭ چېگراسى ئىدى. يول بازار ئىچىدىن ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن يول ياقىسىغا مەخسۇس يولۇچىلار ئۈچۈن بىر بېكەت سېلىنغانىدى. بۇ يەرگە ئاپتوبۇسلارمۇ، قارا ماشىنىلارمۇ چۈشەتتى. ئۇلارمۇ بۇ يەردە بىردەم توختاپ ئارام ئالدى. كۈرەشكە نان ۋە سۇ بەردى، ئۆزلىرىمۇ سۇ ئىچتى. ئاندىن يوللىرىنى يەنە داۋام قىلدى.

بۇگۇر بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقى يۈز كىلومېتىردىن ئاشاتتى، باشقا ئەھۋال بولمىسا، ئىككى يېرىم ياكى ئۈچ سائەتلەردە كۇچاغا كىرىپ كېتەتتى. بۇگۇردىن چىقىپ، چۆلدىن ئۆتسىلا كۇچاغا تەۋە لەڭگەر، بوستان ياقا، ئۆزۈن مەھەللىرىگە ئۇلىشاتتى. يولمۇ ئانچە زىرىكىشلىك تۇيۇلمايتتى. بىراق قېرىشقاندەك ماشىنا ئۆزۈن يېزىسىغا كېلىشى بىلەنلا تىللاخاننىڭ قورسىقى ئاغرىشقا باشلىدى. دەسلەپتە يېنىدىكىلەرگە بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئاغرىق بارغانچە كۈچىيىۋاتقاچقا، سۇلتانجانغا

دېمەي بولمىدى. ماشىنىنى توختىتىپ يول ياقىسىدا بىردەم ئارام ئالدى، بىراق ئاغرىق توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قورسىقى تولغاقتىن ئاغرىۋاتامدىكى دېسە، بالا تېخى يەتتە ئايلىق بولغاندى. ئاغرىق ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ يەردە تۇرۇۋەرسىمۇ بولمايتتى. ئاخىرى كۇچا بازىرىغا كىرىپ ئارام ئېلىش ۋە شۇ يەردە تىللاخاننى دوختۇرخانىغا كۆرسىتىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار كۇچاغا كەلگەندە تىللاخان ئاللىقاچان بولالماي قالغانىدى. ماشىنىنى ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ھەيدىدى. كۇچا دوختۇرخانىسىدا شۇ چاغلاردا ئۇمەيراخان، ھەمراخان، ئابدۇقادىر، مەمەت ئابدۇللا قاتارلىق بىر قىسىم يېڭىدىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىقتىدارلىق ياش دوختۇرلار بار ئىدى. تىللاخاننى ئۇدۇل بالىنىستقا ئالدى. تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ھامىلىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن بالىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانجان ۋە تىللاخانلار كۇچادا قالىدىغان، شوپۇر ئاقسۇغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇدىغان بولدى.

## كوچادا قېلىش

گۈلشەن كوچادا تۇغۇلدى. تىللاخان بالىنىستقا ئېلىنغاندىن كېيىن، بالا تۇغۇلۇپ، بوۋاققا گۈلشەن ئىسمى قويۇلغانىدى. بالا پەقەت يەتتە ئايلىق بولۇپلا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كىچىك ۋە ئاجىز ئىدى. بالىنىڭ ھەرزامان چاچراپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا دوختۇرلار بالىغا ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن قاراپ، ئالاھىدە بېقىلىدىغان يەردە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ بېقىۋاتاتتى. بالىنىڭ قاچانلاردا يېتىلىپ، ئانىسىنى ئەمگۈدەك ھالغا كېلىشى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. تىللاخان گەرچە دوختۇرخانىدىن چىققان بولسىمۇ، ئەمما ھەر كۈنى دوختۇرخانىنى يوقلاپ، گۈلشەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى. دوختۇرلار بالىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاقسۇغا قاچان ماڭالايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. سۇلتانجان بۇ ئەھۋاللارنى بىلدۈرۈپ، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچىگە خەت يازدى. خەتنىڭ جاۋابى كېلىش ئۈچۈنمۇ

ھېچ بولمىغانىدا ئىككى - ئۈچ ھەپتە ۋاقىت كېتەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كوچىدا بىرمەزگىل تۇرۇپ قالدى. كوچا يېڭى شەھەر تېخى يېڭىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. 1958 - يىلى كوچانى، يەنى ھازىرقى كونا شەھەرنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارار ماقۇللاپ، كوچا بازىرىنىڭ شەرقىدىكى سايلىقتا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، شەھەر پەيدا قىلغانىدى. شۇندىن باشلاپ ئەسلىدىكى كوچا بازىرى كونا شەھەر، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۇرالغۇلار يېڭى شەھەر دەپ ئاتالغان. يېڭى شەھەردە ئاساسەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەتىگەن، ئاخشامدا ۋە بازار كۈنلىرى بولىدىغان سودا - سېتىق بازارلىرىمۇ ئانچە شەكىللىنىپ كەتمىگەنىدى. كىشىلەر يەنىلا كونا شەھەرگە كىرىپ سودا - سېتىق قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. سۇلتانجان بىلەن تىللاخان كوچادا تۇرغان ئىككى ئاي جەريانىدا كوچىدىكى يېمەك - ئىچمەك مەئىشەتلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە قارىغانىدا مول ۋە كەڭرى ئىكەنلىكىنى، ئادەملىرىنىڭ مۇلايىم، تۈز، ساددا ۋە كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاسىمۇ ئۈرۈمچىگە قارىغاندا خېلى ئىسسىق ئىدى. مەيلى يېڭى شەھەر بولسۇن، مەيلى كونا شەھەر بولسۇن ئەتراپى چوڭ - كىچىك يېزىلار بىلەن

ئۇرالغـان بولـۇپ، شـەھەرگە يېقىـن باغـلار ناھايىتـى كـۆپ ئىـدى. چوڭ شـەھەرلەردە تۇغۇلـۇپ، چـوڭ بولغـان بـۇ ياشـلار كۇچانـى ياقتـۇرۇپ قالـدى. ئـۇلار مەسـلىھەت قىلىـپ ئاقسـۇغا بارماسـلىققا قـارار قىلـدى، ئەممـا ئـۇلار ئۆزلـىرى خالىغانچـە ئاقسـۇغا بارمـاي، كۇچـادا قالالمايتتـى. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە گۈلشـەن تېخـى دوختۇرخانـىدا ئىـدى. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇلار يەنـە ئۈرۈمچىگـە خـەت يېزىـپ، كۇچـادا قېلىـش ئىسـتىكىنى بىلـدۈردى.

ئـۇلار كۇچـادا تۇرۇۋاتقىلـى تـۆت ئايـدىن ئاشـتى. گۈلشـەن تېخـى دوختۇرخانـىدىـن چىقمىغـان بولسـىمۇ، ئەممـا ئەھۋالـى بۇرۇنقىدىـن خېلـى ياخشـىلىنىپ قالغانـىدى. كـۈرەش ئاپىسـى تىللاخانغـا ئەگىشـىپ، ھـەر كۈنـى دوختۇرخانىغـا سىڭلىسـى گۈلشـەننى كۆرگىلـى باراتتـى. بـىراق گۈلشـەن تېخىچـە ئەينـەك قۇتىنىـڭ ئىچـىدە بېقىلىۋاتقاچقـا سىڭلىسـى بىلـەن يۈزتۇرانـە كۆرۈشـەلمەيتتى. بەزىـدە ئۇكامنـى كۆتۈرىمـەن، دەپ كەپىسـىزلىك قىلاتتـى.

ئـۇلار دەسـلەپكى ئىككـى ئـاي جەريانـىدا دوختۇرخانىنىـڭ بىـر ئۆيـىدە تـۇردى. كېيىـن كۇچـا ناھىيەلىـك ھۆكۈمـەت كادىـرلار رايونىغـا ئورۇنلاشـتۇردى. كادىـرلار رايونـى بۇرۇنقـى كۇچـا ناھىيىلىـك خەلـق قۇرۇلتىيـى جايلاشقان ئۆيلـەر بىلـەن بىـر يـەردە بولـۇپ، بـۇ يـەردە پەقـەت ھۆكۈمـەت ئورگانلىرىـدا

ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭلا ئۆيى بار ئىدى. ئۈنىڭغىچە ئۈرۈمچىدىن ئۇلارغا ئالاقە قەغىزىمۇ كەلدى. ئالاقە قەغىزىدە ، ئۇلار ئاقسۇغا تەۋە ھەرقانداق يەردە قالسا بولۇدىغانلىقى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى كەسپى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. يۇقىرىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە ئىللاخان كۇچا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېلېفون بۆلۈمىگە تېلېفونىست بولۇپ ئورۇنلاشتى.

كۇچادا تۇنجى تېلېگراف پونكىتى 1894 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 1910 - يىلى تۇنجى پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان. 1935 - يىلى تېلېگراف پونكىتى تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1949 - يىلى پوچتا ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف ئىدارىسى ئايرىم - ئايرىم ئىدارە بولۇپ تەسىس قىلىنغان. 1952 - يىلى پوچتا ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. سۇلتانجان ناھىيىلىك مال دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىندى. سۇلتانجاننىڭ ئۇ يەردىكى خىزمىتى تەرجىمانلىق بولۇپ، مالچىلار بىلەن دوختۇرلار ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا پۈتۈن چارۋىچىلار ئۇيغۇر، دوختۇرلار خەنزۇ بولغانلىقى ئۈچۈن چارۋىچىلارنىڭ ئالاقە ئىشلىرىدا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلار بولغان.

كىچىك كۆرەشنىڭ شۇندىن كېيىنكى ھاياتى تارىم بوستانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان مەدەنىيەتكە باي بۇ زېمىننىڭ تەقدىر ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

# باللىق چاغلار

كۈرەش يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەكتەپكە كىردى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن كۇچا ناھىيىلىك 4 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇدى. 4 ـ باشلانغۇچ يېڭى شەھەر ئىچىدىكى خىتايچە مەكتەپ بولۇپ، ئەينى چاغدىكى قۇرۇلۇش ئەترىتى ئائىلىلىكلەر قوروسىغا يېقىن يەردە ئىدى. كۈرەشنىڭ تۇنجى مەكتەپ ھاياتى ئانچە كۆڭۈللۈك باشلانمىدى. كۈرەش 4 ـ باشلانغۇچتىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ، خۇددى قويلار ئارىسىدىكى سەركىدەك، مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. خىتاي ئوقۇغۇچىلاردىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن شەكىللەنگەن ياتلارنى ئارىغا ئالماسلىق، كەمسىتىش، خورلاش ۋە بوزەك قىلىش پسىخىكىسى كۈرەشنىڭ مەكتەپ ھاياتىغا قارا كۆلەڭگە تاشلاۋاتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم خىتاي ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغاندا قەلبى چەكسىز ئازابقا تولاتتى. ئۇ بۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە دائىم

ئوقۇتقۇچىلىرىدىن مەدەت تىلەپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ باقاتتى. بىراق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆزىدىكى سوغۇق نۇرنى كۆرۈپ تېنى شۈركىنەتتى. ئۇنىڭ يۇمران قەلبى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئادالەت ئىستەيتتى. بىراق ئەسىرلەر بويى ئىرقچىلىق يىلتىز تارتقان تۇپراقتىن كەلگەن بۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئادالەت ئەجدادلىرىدىن ئاڭلاپ باقمىغان يات ئۇقۇم ھېسابلىناتتى.

1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سۇلتانجان تارتىپ چىقىرىلدى. بېشىغا قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، سازايى قىلىنىشقا باشلاندى. سۇلتانجان چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر بولۇپ، كوچادىكى ئەڭ خەتەرلىك ئادەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. كۈندۈزى بېشىغا قەغەز قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، بوينىغا تاختاي ئېسىلىپ، كوچىمۇ ـ كوچا سازايە قىلىنسا، كېچىسى يىغىن ئېچىلىپ، تەنقىت قىلىناتتى. بۇ ئىش پەقەت سۇلتانجان بىلەن كەتمىدى. كىچىك كۈرەشمۇ دادىسىغا ئوخشاش مەكتەپتە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن بېشىغا چىلەك كىيدۈرۈلۈپ، سىنىپمۇ سىنىپ سازايى قىلىپ، ئۇرۇپ ئويناشنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بەزىدە كۈرەشنى مەكتەپ مەيدانىدا سازايى قىلىپ، تېپىپ ئويناتتى. گەرچە ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە، بىلىپ تۇرسىمۇ بىلمەسكە سالاتتى. ئۇلار تەربىيەلەنگەن مائارىپلاردا ئىنسانىيەت ئۇقۇمى يوق ئىدى، ئۇلار پەقەت

كوڭزنىنىڭ «ئۆزۈڭنى ئويلىمىساڭ يەر يۇتىدۇ»، دېگەن ھېكمىتىگە ئىشىنەتتى.

تىللاخان ئوغلى كۈرەشنىڭ مەكتەپتە تارتقان زۇ-لۇملىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئېغىز ئېچىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈرىكىنى پۇچۇلىماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئاخىرى تىللاخان كۈرەشنى 4-باشلانغۇچ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ 2-باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىش قارارىغا كەلدى. 2-باشلانغۇچ كۇچا يېڭى شەھەردىكى چوڭ ھەم نۇقتىلىق باشلانغۇچ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە پەقەت ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىلا ئوقۇيتتى.

1967 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ كۈرەش 2 - باشلانغۇچتا ئۇيغۇرچە ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ يەردە 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكىدەك خورلىنىش، بوزەك بولۇش، يەكلىنىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئوقۇتقۇچىلار كۈرەشكە باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا سەل قاتتىقراق مۇئامىلە قىلاتتى. بەزىدە سىنىپتا بىۋاستە دادىسى سۇلتانجاننىڭ سىياسىي جىنايەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، تەنقىت قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇشى ئادەتكە ئايلانغان ئىش بولۇپ، كىچىككىنە قالسا ياكى كەپسىزلىك قىلسا، ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن جازالىناتتى. كۈرەش 2 - باشلانغۇچتا قاتتىق قول ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن جازالىنىشى ۋە دادىسى

سۇلتانجاننىڭ ئىسمىنى مەكتەپتە ئاتاپ تەنقىت قىلىشى ئەسلىدىن مەكتەپتىن كۆڭلى قالغان كۇرەشكە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 4-باشلانغۇچتا كۆرگەن خورلۇقلىرى تېخى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. كۇرەش بىر مەزگىل ئۆيدىن مەكتەپكە بارىمەن، دەپ چىقىپ كەتسىمۇ، ئەمما مەكتەپكە بارماي، كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزدى. تىللاخان بۇ ئىشلارنى بىلگەندە ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. كۇرەشنىڭ مەكتەپكە بېرىش رايى قالمىغانىدى. مەكتەپمۇ كۇرەشنى سەۋەبسىز دەرس قالدۇردى دەپ مەكتەپتىن چىكىندۈرگەنىدى.

كۇرەش 1967 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ مەكتەپتىن رەسمىي توختىدى. سىڭلىسى گۈلشەن 4 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. سۇلتانجان نازارەت ئاستىدا ئىدى. بىراق بەزىدە ئۆيگە كېلىپ - كېتىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. كۇرەش شۇندىن كېيىن ئۆيدە بولدى. سىڭلىسى گۈلشەننى بېقىپ، ئاپىسى تىللاخانغا ياردەملىشىپ يۈردى. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. چوڭلاردىن تارتىپ كىچىكلەرگىچە بىرەر ئېغىز سۆزنى خاتا قىلىپ سېلىش ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. ئەتراپىدىكى بارلىق خىتاي قوشنىلار ھومىيىشىپ قارىشاتتى، ئۇيغۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. بەزىدە كۇرەش

خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ باللىرىدىن تاياق يەپ كىرسىمۇ لىۋىنى چىشلەپ، چىدىماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. 1967 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22- كۈنى مۇنەۋۋەر تۇغۇلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپ 1968 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تىللاخانمۇ چەتكە باغلانغان ئۇنسۇرنىڭ خوتۇنى دېگەن نام بىلەن پوچتىخانىدىكى ئىشىدىن توختىتىلدى.

بۇ مەزگىلدە ئىشتىن توختاش ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس ئىدى. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلەتتى. سۇلتانجان يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆيدە بولالمايتتى.

ھاياتنىڭ بۇ ھالەتتە يەنە قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. تۇرمۇش كۈندىن-كۈنگە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىش تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆيدىكى بار بىساتلارنىمۇ سېتىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. ساقچىدىن بىلىپ قالسا، ساتقان نەرسىنى تارتىۋېلىشتىن سىرت ئاپىرىپ سولاپ قوياتتى. شۇڭا بىرنەرسە سېتىشتىمۇ ئىشەنچلىك ئادەم بولمىسا بولمايتتى. تۇرمۇش كۈندىن - كۈنگە ئاخىرى يوق زۇلمەتكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

## سۇلتانجان تۇتقۇندا

سۇلتانجان 1969 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تۇتقۇن قىلىندى. تۇتقۇن قىلىنغانلار ئەينى چاغدىكى كۇچا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇمە ساۋۇت باشلىق مىجىت ئوسمان، ھەسەن ئەلى، ئەزىز ئابدۇرېھىم، ئابلا قادىر، راھماجان ۋە سۇلتانجان قاتارلىق يەتتە كىشى ئىدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ ئائىلىسىگە بىلدۈرگەن سوت ھۆكۈمىدە ئۇلارغا بېكىتىلگەن جىنايەت ئۈرۈمچىگە قانۇنسىز ھالدا قوزال يۆتكەش بولۇپ، ئالدىغا 20 يىللىق، كەينىگە ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۈرەش 11 ياش، گۈلشەن 7 ياش، مۇنەۋۋەر 3 ياش ئىدى. تىللاخان تۆتىنچى بالىغا ھامىلدار ئىدى. كۈرەش بالىلارنىڭ چوڭى بولۇپ، ئاپىسى تىللاخانغا ياردەملىشىپ ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئائىلىنىڭ مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەتىكى كۈننىڭ سېرىقىغا تەلمۈرۈپ، بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ ھالەتتە

كۈن ئۆتكۈزىۋاتاتتى. سۇلتانجان تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، كادىرلار رايوندىكى خىتايلار ئۇلارغا ھومىيىپ قاراشتىن بىۋاستە دۈشمەنلىك قىلىشقا ئۆتكەن ئىدى. پۇرسەت تاپسىلا كوچا - كويلاردا كۈرەش ۋە كىچىك ئۇكىلىرىنى ئۇرۇۋالاتتى. بەزىدە ھويلىسىغا تاش ۋە خىش پارچىلىرىنى ئېتىپ ئىشىك، دېرىزىلەرنى چېقىۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇلار ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ قەبىھ دۈشمىنى ئىدى. شۇڭا ئۇلار خالىغانچە بوزەك قىلسا بولىۋېرەتتى. بۇ ئىشلارنى نە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا نە سوتقا ئەرز قىلالمايتتى.

1970 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تىللاخان بىلەن سۇلتانجاننىڭ تۆتىنچى پەرزەنتى ئامانگۈل دۇنياغا كەلدى. كۈنىنى ئاران ئۆتكۈزىۋاتقان بۇ ئائىلىگە نىسبەتەن بۇ بالىنى ئەي قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بالىلار كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن تىللاخان تۇغۇت ئورنىدا بىر سائەتمۇ ياتمىدى، بېلىنى پوتىدا تېڭىپ، يەنىلا كۈندىلىك ھاياتنىڭ غېمىغا كىرىپ كەتتى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللاھتىن پەرزەنتلىرىگە رىسق تىلىدى. كۈرەش كۈن بويى كوچىدا تىنەپ يۈرۈپ، سۆڭەك، مىس ۋە تۈمۈر پارچىلىرىنى تېرىپ تاپقان ئازراق پۇلىغا قەن ياكى شېكەر ئېلىپ، ئۆيدە پەۋادە ياساشنى سىناق قىلاتتى. مۇۋەپپىقىيەتلىك

بولغانلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، باشقا مەھەللىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرىغا ساتاتتى، ياخشى بولمىغانلىرىنى ئۆيدە ئۆكىلىرى بىلەن يەيتتى.

كۆرەش گەرچە مەكتەپتە تۆۋەن ئوقۇمىغان بولسىمۇ ئەمما، ئۆزى تونۇشىدىغان ۋە ئارىلىشىدىغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئارىسىدا يېتەكچى ئىدى، ھەممىسى سۆزىنى ئاڭلايتتى. بالىلار ئوينايدىغان ئويۇن تاپالمىغاندا كۆرەش بالىلار ئويلىمىغان ئويۇنلارنى تېپىپ، ئويۇنغا ئۇيۇشتۇراتتى. بىللە ئوينايدىغان بالىلارنىڭ ئارىسىدا تەڭ دېمەتلىكلەرمۇ، يېشى چوڭلىرىمۇ بار ئىدى. بىراق ھەممىسى ئويۇنغا كەلگەندە كۆرەشنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇناتتى. شۇڭا كۆرەش كادىرلار رايونىدىكى بالىلار بىلەن ئەمەس، باشقا مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن بىرگە ئوينايتتى. مەھەللىسىدە ئامال بار باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن كۆپ سىرتقا چىقمايتتى. سىرتقا چىقسىمۇ غېپپىدە مەھەللىدىن يىراق كېتەتتى، قايتىپ كەلگەندىمۇ پايلاپ تۇرۇپ ئۆيگە كىرىۋالاتتى.

1971 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلى كادىرلار رايونىدىكى خىتاي كادىرلارنىڭ بالىلىرى ئۆيگە تاش ـ كېسەك ئېتىپ كۆرەشنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەنىدى. تىللاخان بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كادىرلار رايونىدىكى ئۆيىنى تاشلاپ،

كۇچانىڭ سوخو رايونىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

سوخو يېزىسى كۇچانىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى تارىم چۆللىكىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن توغراقزارلىقنىڭ ئىچىدىكى بىر يېزا ئىدى. ئۇ يەردە كۇچا كاركول قوي فېرمىسى بولۇپ، كۇچا ئەل تېرە كۆپىسى ئىشلەپ چىقىرىش بىلەن داڭلىق ئىدى. مەھەللە ئەتراپىدىكى كەڭ كەتكەن توغراقزارلىق ئادەمگە ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇلارنى بېرەتتى. بۇ يەردە زېمىن كەڭرى، مال - چارۋا مول بولغاندىن سىرت، ئوۋلاپ يېيىشكە بولىدىغان ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۆيدە يېمەك - ئىچمەك بولمىغان تەقدىردىمۇ بىر مەزگىل ئوۋچىلىق بىلەنمۇ جان باققىلى بولاتتى. بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ ياۋا توشقانلىرى بىلەن قىرغاۋۇللىرى داڭلىق ئىدى. بىراق شەھەردە كۆنۈپ قالغانلار بۇ يەرنىڭ سۈيى بىلەن پاشىسىغا كۆنەلمەيتتى. بۇ يەردە ئېقىن سۇ مەنبەسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئاساسەن قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىراتتى. قۇدۇقتىن چىققان سۇلار بەكلا تۇزلۇق بولۇپ، بىۋاسىتە ئىچكىلى بولمايتتى. بىرقانچە قېتىم قاينىتىپ، سۈزۈلدۈرۈپ ئاندىن ئىچەتتى ۋە تاماققا ئىشلىتەتتى. تاماق ئەتكەندە ئاساسەن تۇز ئىشلىتىلمەيتتى. ئۇنىڭدىن قالسا بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى بەك چوڭ بولۇپ، پاشىغا سەزگۈر ئادەملەر بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا پاشىنىڭ دەستىدىن

ئۈستى ـ بېشىنى پاشا يارىسى قاپلاپ، ئاغرىپ قالاتتى. بەزىدە بەزگەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالاتتى. لېكىن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بۇ شارائىتقىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالاتتى.

كۆرەش سوخودا ئۈكىلىرى بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشىدى. ئۆزى بىلەن تەڭ دېھقانلارنىڭ بالىلىرى بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتى. گەرچە پاشىنىڭ ئازابىنى بىر مەزگىل تارتقان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ كەتتى. كۈندۈزى زېرىكسە، توغراقزارلىققا كىرىپ، سالغا بىلەن توشقان ئوۋلاپ ئوينايتتى. قورسىقى ئاچسا، ئېتىزدىن قوغۇن ئۈزۈپ يەيتتى. بۇ يەرنىڭ يېرى شورلۇق بولغاچقىمىكى قوغۇن بەك ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر قوغۇن پىشىشقى ۋاقتى بولغاچقا، ياخشى، پىشقان قوغۇنلارنى تاللاپ يېگىلى بولاتتى.

1971 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شەھەردىن سوخو يېزىسىغا بىر ئادەم چىقتى. بۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا كونىراپ كەتكەن مايسىرەڭ كىيىم، بېشىدا ئادەتتىكى شەپكە، ساقاللىرى قىرىلمىغان، ئورۇقلاپ كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئادەمنى تونۇمىدى، ھەتتا كۆرەشمۇ تونۇمىدى. پەقەت بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان مۇنەۋۋەرنى بالام دەپ، قولىغا ئېلىپ كۆتەرگەندىلا

كۈرەش بۇ ئادەمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى. تىللاخان ۋە باشقا تۇغقانلار چىقىپ، سۇلتانجاننى قارشى ئالدى. ئامانگۈل سۇلتانجان تۈرمىگە كىرگەن يىلى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. شۇڭا باللارنىڭ ئىچىدە كۈرەشتىن باشقىسى دادىسىدىن يېتىرقاپ، ئانچە يېپىشماي تۇراتتى.

سۇلتانجان بۇ يەرگە تۈرمىدىن چىقىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئون سەككىز ئايلىق تۈرمە هاياتى تاماملىنىپ، پۈتۈنلەي ئازات بولغانىدى.

# غۇلجىغا سەپەر

ئۇلار سوخودا يەنە بىر ئايچە تۇردى. شەھەر ئىچىدە ئۇلارغا ھاياتىنى قامدىغۇدەك بىر ئىمكانىيەتنىڭ يوقلۇقى ئايان ئىدى. ئاخىرى تىللاخان غۇلجىدىكى ئاكىسى ئوسمانجاننىڭ يېنىغا بېرىش مەسلىھەتىنى بەردى. تىللاخاننىڭ ئاكىسى ئوسمانجان ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىر بولۇپ، جېلىلىيۈزى ناھىيەسىنىڭ چولۇڭقاي يېزىسىدا تۇراتتى.

ئۇ زامانلاردا غۇلجىغا بېرىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. قاتناش تاپماق بەك قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇچادىن غۇلجىغا بارىدىغان مۇزداۋان يولى تېخى ئېچىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈر، كورلا، قاراشەھەرلەردىن ئۆتۈپ، خۇتۇنسۇمبۇل، يۇلتۇز، ئوت كەتكەن كۆۋرۈك ئارقىلىق داۋاندىن ئۆتۈپ ئورمانغا چۈشەتتى. ئاندىن نارات، ئارالتۆپە، زېكتىنى بېسىپ ئۆتۈپ، غۇلجىغا باراتتى.

ئۇلار ناھىيە بازىرىدىكى ماشىنا رېمونت قىلىدىغان

تۇنۇشىنىڭ ياردىمى بىلەن 10 ـ ئايلارنىڭ بېشىدا غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. قارا شەھەرگە كەلگەندە ماشىنىدىن چاتاق چىقانلىقى ئۈچۈن، ماشىنا داۋاملىق ئالدىغا قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇلار قارا شەھەردە ماشىنا كۈتۈپ ساق بىر ئاي تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن غۇلجىغا پاختا توشۇيدىغان بىر يۈك ماشىنىسىنى تاپتى. شوپۇر قوپال ۋە ھاكاۋۇر بىر ئادەم بولۇپ، ھېچقايسىسىنىڭ كېپىنكىدە ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى. پاختا بېسىلغان كوزۇپنىڭ ئوتتۇرسىدىن يەر ئاجرىتىپ بەردى، ھەممىسى شۇ يەردە ئولتۇردى، ئۈستىگە بىرزىن ياپقۇ ياپتى.

ماشىنا يۇلتۇزدىن ئۆتۈپ، ئوت كەتكەن كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئۈستىگە يېپىپ قويغان بىرزىننىڭ بىر تەرىپى يېشىلىپ كېتىپ، شامالدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچقىلى تۇردى. ئوت كەتكەن كۆۋرۈك داۋاننىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، بۇ يەردە كۈز ۋە قىش مەزگىللىرىدە شامال قاتتىق چىقاتتى. ھازىر كۈز مەزگىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ھاۋامۇ سوغۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرزىننىڭ شامالدا توختىماي لەپىلدىشى شامالنى ئۇدۇل ئەكىلىپ، ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇراتتى. پاختىنىڭ دالدىسىدا توگۈلاپ ئولتۇرغان بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرزىننىڭ توختىماي لەپىلدىشىدىن جاق تويغانىدى. سۇلتانجان ۋە تىللاخانلار

لەپىلدەۋاتقان بىرزىننىڭ ئۇچۇنى نەچچە قېتىم تۇتۇشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما شامال بەك كۈچلۈك بولغاچقا تۇتۇشقا ئىمكان قىلالمىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرزىننىڭ ئۇچۇنى تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كۈرەش بىرزىننىڭ كىلېشىنى پايلاپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز بىرزىننىڭ مىتال بىلەن قاپلانغان تۈشۈكى بار ئۇچى كېلىپ، كۈرەشنىڭ بېشىغا تەگدى. ئاغرىقتىن كۈرەشنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما چاققانلىق بىلەن بىرزىننىڭ ئۇچۇنى تۇتۇۋالدى. كۈرەش بىرزىننى بويسۇندۇرالايمەن، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق شامال زىيادە كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن كۈرەش بىرزىن بىلەن بىرگە ماشىنىنىڭ تېشىغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. سۇلتانجان دەرھال ماشىنا كېپىڭكىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇپ، ماشىنىنى توختاتماقچى بولدى. بىراق شوپۇر ماشىنىنى توختىتىشقا ئۇنۇمىدى. كۈرەش بىرزىننى قويۇۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تېخىچە بىرزىن بىلەن تەڭ ھاۋادا لەيلەپ يۈرەتتى. كېيىن سۇلتانجان ماشىنىنىڭ كېپىڭكىسىنى ئۇرۇۋەرگەچكە شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى ۋە كۈرەشنىڭ يېشىلىپ كەتكەن بىرزىن بىلەن تەڭ ھاۋادا لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۈچۈپ كەتتى. شامالنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىرزىننى تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ سۇلتانجان يۈكنىڭ ئۈستىگە چىقتى، شوپۇر

سۇلتانجاننىڭ پۇتۇنى تۇتۇپ يۆكۈنۈپ ئۇلتۇردى. سۇلتانجان بىرزىنىنىڭ قولى يەتكەن يېرىدىن تۇتۇپ، ئاستا - ئاستا كۆرەشنى تارتىپ چۈشۈردى. ئاندىن بىرزىنىنى قايتىدىن باغلىدى. سۇلتانجان بىلەن كۆرەش كېپىڭكىگە كىرىپ ئولتۇردى. ئۇلار داۋاندىن ئۆتۈپ، ئورماندا قوندى. ئاندىن زېكتىدە بىر كۈن توختاپ، غۇلجىغا كىرىپ كەتتى. غۇلجا بىلەن جېلىلىيۈزىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، يولدا شەھەرگە كىرىپ چىققان ھارۋىلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ چولۇڭقايدىكى ئوسمانجاننىڭ يېنىغا بېرىشى ئانچە قىيىنغا توختىمىدى.

## چولۇڭقايدىكى كۈنلەر

ئۇلار چولۇڭقايغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئوسمانجاننىڭ ئىشلىرى ھەل بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەتتى. ئوسمانجان ئولتۇرغان ئۆي تىللاخان ۋە سۇلتانجانلارغا قالدى. بۇلارنىڭ چولۇڭقايدا قانۇنلۇق نوپۇسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلالمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئوسمانجان ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى يېزا ۋە كەنت باشلىقلىرىغا سۇلتانجاننى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن كۆپ جەھەتلەردە بەك قىيىنچىلىق تارتىپ كەتمىدى. ئەمما تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن يەنىلا ئۆزلىرى تىرىشمىسا بولمايتتى.

سۇلتانجان قولى ئەپلىك ئادەم ئىدى. تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھۈنەرلەردىن خەۋىرى بار ئىدى. ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇيغۇر تېبابىتىگىمۇ قىزىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىدا ئۇزاق يىللاردىن بېرى تىقىپ ساقلاپ يۈرگەن ئۇيغۇر تېبابەت كىتابى بار بولۇپ، بەزىدە كىتابقا

قاراپ، بەزى ئاددىي دورىلارنى ئۆزى ياسايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ھۈنەرلىرى ئۇنىڭغا يېڭىدىن چىقىش يولى ھازىرلايدىغاندەك قىلاتتى.

سۇلتانجان چولۇڭقايغا كەلگەندىن كېيىن، چولۇڭقايدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان مەخسۇس دوختۇرخانا يوقلۇقىنى، داۋالىنىش ئۈچۈن ئالايىتەن غۇلجا شەھىرىگە بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ غۇلجا شەھىرىگە بىر قىسىم دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقىنى ئالغىلى كىردى. غۇلجا شەھىرىگە كۆرەشمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ بىرگە كىردى. سۇلتانجان ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغاندىن كېيىن، كۆرەشكە باللار ئاغزىغا سېلىپ، ئىسقىرتىپ ئوينايدىغان بىر پۇشتەك بىلەن ئۇزۇن كەمپۈت ئېلىپ بەردى. پۇشتەك كۆرەشنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. ئۇ ئۆيگە بارغۇچە يول بويى پۇشتەك چېلىپ ماڭدى.

كۆرەش ئۆيگە كېلىپلا، پۇشتىكنى ئاۋايلاپ چۇۋۇدى. پۇشتەك ناھايىتى ئاددىي ياسالغان بولۇپ، كىچىك قەلەي پارچىسى بىلەن ئازراق لاتا بولسىلا پۇشتەكنى ياسىغىلى بولاتتى. كۆرەشنىڭ پۇشتەكنى ياسىيالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمما پۇشتەككە كېرەكلىك لاتىنى ئۆيدىن تاپقىلى بولسىمۇ، قەلەي يوق ئىدى. قەلەي بولمىسا، پۇشتەكنى

ياسىغلى بولمايتتى. تۈيۈقسىز ئۈنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلدى. ئۇ دادىسى ئېلىپ بەرگەن ئۈزۈن كەمپۈتلەرنى كىچىك - كىچىك پارچىلاپ، پارقىراق قەغەزلەرگە يۆگىدى، ئاندىن كوچىغا چىقىپ، بالىلارغا كەمپۈت ساتتى. پۇلى يوقلارغا قەلەي قۇتا ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ چاغلار موخۇركا ئاساسەن تۆپىسىدىن تارتىپ ئاچىدىغان قەلەي قۇتىدا كېلىدىغان بولۇپ، بۇنداق قۇتىلارنى تاماكا چېكىدىغان ھەرقانداق ئۆيدىن تاپقىلى بولاتتى. بالىلار بىردەمدىلا شۇنچە كۆپ تاماكا قۇتىلىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. كۈرەش قەلەي قۇتا تاپقانلىقىغا، بالىلار تاشلىنىپ ياتقان قەلەي قۇتىغا كەمپۈت تېگىشىپ بېگەنلىكىگە خوش ئىدى.

كۈرەش قەلەي تاماكا قۇتىلىرىنى ئۆيگە ئەكىلىپ، پاكىز يۇيۇپ، تازىلىدى. ئارقىدىن پۇشتەككە ماس كەلگۈدەك قىلىپ، قايچا بىلەن كەستى. ئانىسى تىللاخاندىن كېرەكلىك لاتىنى ئېلىپ، كېسىپ تەييارلىدى. ھەممە نەرسە تەييار بولغاندىن كېيىن پۇشتەكنى بىر - بىرلەپ ياساشقا باشلىدى. كۈرەش ياسىغان پۇشتەكلىرىدىن بىرىنچى قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كۈرەشنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن ئانىسى تىللاخان، دادىسى سۇلتانجان ۋە سىڭىللىرىمۇ خوش بولدى. كۈرەش سىڭىللىرى بىلەن بىرلىكتە بىردىن پۇشتەكنى چېلىپ كوچىغا چىقتى. مەھەللىدىكى بالىلار بىردەمدىلا ئۈلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقىلى تۇردى. كۈرەش

پۈشتەكلىرنى پۇلى بارلارغا پۇلغا ساتتى، پۇلى يوقلارغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرگە تېگىشتى.

كۆرەشنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالەمچە شادلاندى. ئوغلىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىدىن سۇلتانجان ئىلھامغا كەلدى. ئۇ كەپتەرۋازلارنىڭ كەپتەرگە باغلايدىغان پۈشتىكىدىن تېپىپ كېلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى ۋە كەپتەر ئۇچقاندا تېخىمۇ ئۈنلۈك غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىدىغان قىلىپ ياسىدى. ھەرھالدا ئۇلار ئازراق بولسىمۇ تىرىكچىلىك يولىنى تاپقانىدى.

سۇلتانجان كۇچادا چارۋا دوختۇرخانىسىدا تەرجىمانلىق قىلغان كۈنلىرىدە ئايغىر، بۇقا ۋە قوشقارلارنى قانداق پىچىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن ۋە ئۆزىمۇ بىر نەچچە قېتىم سىناپ باققان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرى بۇ يەردە ئېقىپ قالدى. ئۇنى يىراق ـ يېقىندىن ئىزدەپ كېلىدىغانلار ئۈزۈلمەيدىغان بولدى.

ئىككىنچى يىلى سۇلتانجانىڭ تېرىغان بىر قىسىم دورا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئادەتتىكى كۆكتاتلىرى ياخشى ئوخشىدى. ئۇ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان مىللىي تېبابەت كىتابىدىكى رېتسىپلارغا ئاساسەن بىر قىسىم ئاددىي دورىلارنى ياساپ چىقتى. قورساق ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، زەردىسى قايناش ۋە باشقا ئاددىي كېسەللەرگە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان

دورىلارنى ياسىدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋرلەردە ئاچارچىلىق ۋە ناچار يېمەكلىك سەۋەبىدىن زەردىسى قايىنايدىغان، مەيدىسى ئاغرىيدىغان، ئېغىزىدىن سېرىق سۇ يانىدىغان كېسەللەر كۆپ ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن سۇلتانجانىنىڭ بۇ دورىلىرى بۇ خىلدىكى كېسەللەرگە پايدا قىلىپ قالدى. سۇلتانجانىنىڭ نامى يىراق - يېقىندىكى مەھەللىلەرگە تارقىلىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇلار بۇ يەرگە قارا نۇپۇس بولسىمۇ، كۈنلىرى كۇچادىكىدىن كۆپ ياخشى ئۆتۈۋاتاتتى. تىللاخان مەھەللىدە بالا تۇغدۇرۇپ، تۇغۇت ئانىسى بولۇپ قالغانىدى.

# كۈرەشنىڭ تۈنجى ناخشىسى

سۇلتانجان دۇتتار چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر ئادەم ئىدى. چولۇڭقاي مەھەللىسىگە كەلگەندىن كېيىن يىراق - يېقىندىكى مەھەللىلەردىن ئۆزىگە ئوخشاش ناخشا - سازغا قىزىقىدىغان بىر قىسىم ئۇلپەتلىرىنىمۇ تاپقانىدى. بىكار قالغان بەزى كەچلىرى ئۇلار سۇلتانجاننىڭ ئۆيىگە تەمبۇر، راۋاپلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلەتتى. ئۇ چاغلاردا سازلارنى ئۇچۇق كۆتۈرۈپ يۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قاتمۇ قات لاتىلارغا يۆگەپ، تەمبۇر ۋە راۋاپلىقى بىلىنىپ قالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىردىن - بىردىن ئاستا كېلىشەتتى. كېلىدىغانلار كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىك - دېرىزىلەرنى دۈم تاقاپ، دېرىزىلەرگە قارا كىگىز تارتىپ، ئاندىن سازلىرىنى چېلىشقا باشلايتتى. تىللاخان ئۆيدە بار نەرسىلىرى بىلەن تاماق تەييارلايتتى. ئۇلار تاماق يېگەچ، ھال - مۇڭ بولۇپ، دۇتتار، تەمبۇر چېلىشاتتى، ناخشا ئېيتىشاتتى.

سۇلتانجاننىڭ دۇتتار چېلىشقا ئالاھىدە ئىشتىياقى بولۇپ، دۇتتار قولىغا چىققان ھامان، دۇتتارنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ مۇڭغا چۆكۈپ، دۇنيانى ئۇنتۇپ كېتەتتى. نامراتلىق ۋە تۇگىمىگەن سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ دەستىدىن ھاياتنىڭ تەمى قالمىغان بۇ كۈنلەردە بىر يەرگە يىغىلىپ، ئانچە - مۇنچە ھال - مۇڭ بولۇشمۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. سۇلتانجاننىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان ناخشىلىرىنىڭ بىرى «ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم» ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ ناخشا ئارقىلىق ئىچىدىكى پۈتۈن دەردىنى، كۆڭلىدىكى ھەسرەتلىرىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كۈرەش دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پەدە بېسىۋاتقان قوللىرىغا، دۇتتارنىڭ تارلىرى ئۈستىدە ئويناۋاتقان بارماقلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتى. بەزىدە باغرىنى دۇتتار قىلىپ چېلىپ، دادىسىنى دوراپ باقاتتى. دادىسىنىڭ دۇتتار چېلىۋاتقان ۋاقتىدىكى مۇڭلۇق ھالىتى، مۇزىكا ئۇدارىغا باغلانغان باش ھەرىكىتى ئىچىگە ئوت سالاتتى. بالىلىق قەلبىدىكى ھەسرەتلىرىنى خۇددى دادىسىدەك دۇتتارنىڭ تارلىرىنى ئۇرۇش بىلەن چىقىرىۋېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇراتتى، بۇنداق چاغلاردا ئانىسىمۇ، سىڭىللىرىمۇ ئۇخلاپ قالاتتى. لېكىن كۈرەش كۆزلىرىنى مىت قىلماي، دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزاتتى.

ئادەتتىكى كۈنلەردە دۇتتار قاتمۇ قات لاتىغا يۆگىلىپ، تۆرگە تىزىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىنىڭ ئارقىسىدا ساقلىناتتى. سۇلتانجان باللارنىڭ دۇتتارنى خالىغانچە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. بۈگۈن كۈرەش دۇتتارنى چېلىپ بېقىش ئۈچۈن، تىقىپ قويغان يېرىدىن ئالدى، بىلمىسىمۇ دادىسىغا ئوخشاش پەدىلىرىنى بېسىپ تىرىڭشىتىپ باقتى. دادىسى چالغان ناخشىنىڭ ئاھاڭىنىڭ پەدىنىڭ نەرىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى خېلى كۆرۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قاملاشتۇرۇپ چالالمايۋاتاتتى. كۈرەش بۈگۈن خېلى ئۇزاق تىرىڭشىتىپ باقتى، ئەمما قاملاشتۇرالمىدى. كېيىن دادىسىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دۇتتارنى يەنە بۇرۇنقىدەك يۆگەپ ئەسلىدىكى جايىغا تىقىپ قويدى.

كۈرەشنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. بىر كۈنى سازەندىلەر يەنە يىغىلدى. ئۇلار ساز چېلىپ ھارغاندا پاراڭغا چۈشتى. كۈرەش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۇتتارنى قولىغا ئېلىپ، چېلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. چېلىشى بەك قاملىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قول - ھەرىكەتلىرى بۇرۇنقىدىن خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى. بەزىدە ئاھاڭغىمۇ كېلىپ قالاتتى. بۇنى كۆرگەن مېھمانلاردىن بىرى:

ـ بـالام سـېنىڭمۇ داداڭـدەك دۇتتـار چېلىشـقا ھەۋىسـىڭ بارمـۇ؟ كـەل، مەن سـاڭا بىـر پەدە ئۆگـىتىپ قويـاي، قالغىنىنى ئـۆزۈڭ تىرىشـىپ كېتەلەيدىغانـدەك قىلىسـەن ـ دېـدى. كـۈرەش مېھمانلىرىـڭ يېنىغا بېرىـپ ئولتۇردى. مېھمان كۈرەشـكە پەدىنى قانـداق بېسـىش، تارنـى قانـداق ئـۇرۇش ھەققـدە بىـردەم سـاۋات بەرگـەندىـن كېيىـن، ئاھـاڭ ئۆگـىتىشـكە باشـلىدى.

*ئەجەپ بىر بالا ئىكەن بۇ،*
*چېچەك مۇنچاققا ئوخشايدۇ.*

كۈرەشـنىڭ تۇنجـى ئۆگـەنگـەن ئاھاڭـى مۇشـۇ ئىـدى. ئـۇ مۇشـۇ ئاھاڭنـى خېلـى ئـۇزۇن چېلىـپ يـۈردى. كېيىن دادىسـى سـۇلتانجان ئوغلـى كۈرەشـتىكى دۇتتارغـا بولغـان ئىشـتىياقنى كـۆرۈپ، ئۇنىڭغـا يەنـە بىـر مۇنچـە ئاھـاڭ ۋە پەدىلەرنـى ئۆگـىتىـپ قويـدى. شـۇنىڭدىن كېيىـن كۈرەش ئاسـتا ـ ئاسـتا باشـقا ئاھاڭلارنىمـۇ ئـۆزى تىرىشـىپ چالالايدىغـان بولـدى.

# شىۋىرغانلىق كېچە

چولۇڭقايدىكىلەرنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ مەسىلىسى ناھايىتى قىيىن ئىدى. كۆمۈر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاھالىلەر قىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئوتۇن توپلايتتى، قىغلارنى لاي قىلىپ، كېسەك قىلىپ قويۇۋالاتتى. ياكى شاخ - شۇمبا ۋە قوناق شاخلىرىنى توپلايتتى. ئىشقىلىپ نېمە تاپسا، شۇنى قىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن يىغاتتى. بىر كۈنى سۇلتانجان يەنە بىر كەنتكە كېسەل داۋالىغىلى بېرىپ، ھويلىسىدىكى كۆمۈرنى كۆرۈپ قالدى. كېسەلدىن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، كۆمۈرنى جىلىلىيۈزى ناھىيەسىنىڭ كۆمۈر كېنىدىن ئەكەلگەنلىكىنى بىلدى. شۇ كۈنى سۇلتانجان يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يېزا باشلىقى سۇلتانجاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېزىدىن سەككىز ھارۋا تەييارلاپ، كاندىن كۆمۈر ئەكىلىشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. سۇلتانجان ھەمرالىق ئۈچۈن كۈرەشنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈرەشمۇ دادىسى

بىلەن بىرگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. بۇ 1973 - يىلىنىڭ قىش مەزگىلى بولۇپ، 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ھاۋا بەك سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىمكانلىرى يار بەرگەن دائىرىدە قېلىن كىيىنىدى. جىلىلىيۈزىدىن كانغا ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى. ئۇلار كاندا بىر كېچە قونۇپ، سەككىز ھارۋىغا كۆمۈرنىڭ چوڭلىرىدىن لىققىدە باستى. يول ئانچە خەتەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسى تۇيۇقسىز چىقىدىغان بوراندىن ئەنسىرەيتتى. بوران قاتتىق چىقىپ كەتسە، يول مېڭىش تەس بولۇشتىن سىرت ھاۋا تېخىمۇ سوۋۇپ كېتەتتى. يولدا بوران توختىغۇچە دالدا بولغۇدەك بىرەر قونالغىمۇ يوق ئىدى. يولدا توڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن يولنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى. قورققان يەردە جىن بار دېگەندەك، ئەتىگەندىن بېرى جىم تۇرغان ئاسمان كەچ بولغاندا بىردەمدە ئۆزگىرىپ، شامالنىڭ دەسلەپكى ئەلچىلىرى كېلىشكە باشلىدى. كېچە بولغاندا شامال بورانغا ئۆزگەردى. ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ بارغانچە تۆۋەنلەپ كەتتى. كۆمۈر بېسىلغان ھارۋىلار بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ كېچە ئۆتۈپ كەتسىلا مەھەللىگە بېرىۋالغىلى بولاتتى. سۇلتانجان ھارۋىلارنىڭ ئەڭ ئاخىردا ئۆكۈزنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. كۈرەش ھارۋىدىكى كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى. ھارۋىچىلار ئامال بار تېز يۈرۈپ، مەھەللىگە بالدۇراق بېرىۋېلىشنى

ئويلايتتى، بىراق بوران ھارۋىلارنىڭ تېز مېڭىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. بىرچاغدا ئالدىدىكى ھارۋىكەش:

– ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالماڭلار، ئامال بار پەسكە چۈشۈپ پىيادا مېڭىڭلار، بولمىسا سوغۇقتا توڭلاپ قالىسىلەر، – دەپ ۋارقىرىدى.

شۇندىلا سۇلتانجاننىڭ ئېسىگە ھارۋىدا چوقچىيىپ ئولتۇرغان كۈرەش كەلدى. دەرھال ھارۋىنى توختىتىپ، كۈرەشكە قارىدى. كۈرەش ئاللىقاچان مۈگدەشكە باشلىغانىدى. سۇلتانجان كۈرەشنى ھارۋىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، مېڭىشقا بۇيرۇدى. بىراق كۈرەش ھارۋىدىن پەسكە چۈشۈپ تۈزۈك ماڭالمىدى. سۇلتانجان ۋارقىراپ باقتى، ئامال بولمىدى. قامچا بىلەن بىرقانچىنى ئۇردى. قامچىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىقى كۈرەشنىڭ بېشىدىن يۆگىشىپ بېرىپ، مەڭزىنى تىلىۋەتتى. كۈرەش جېنىدىن ئۆتۈۋاتقان سوغۇقتىن بەكرەك قامچىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي چىقىراپ سالدى. شۇنداقتىمۇ سۇلتانجان تېز ماڭ، دەپ ۋارقىراشنى توختاتمىدى. ھەتتا ھارۋىدىن چوڭ بىر كۆمۈر پارچىسىنى ئېلىپ كۈرەشكە كۆتۈرگۈزۈپ قويدى. كۈرەش نەچچە سائەت كۆمۈر پارچىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بەدىنىدىن ئاستا – ئاستا سوغۇق كۆتۈرۈلۈپ، تەرلەشكە باشلىدى. باياتىن سوغۇققا ياندىشىپ، قىيناشقا باشلىغان

ئۇيقىمۇ ئەمدى نەلەرگىدۇر غايىپ بولغانىدى. بىراق تاڭ ئېتىپ، ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە كۈرەشنىڭ بەدىنىدە قىلچە مادار قالمىغانىدى. يۈزى قامچىنىڭ زەربىسىدىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى. كۈرەش ئۆيگە كېلىپ، كاڭغا ئۆزىنى تاشلىدى. شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرمىدى. سۇلتانجان ئىللاخانغا يولدا بولغان ئىشلارنى بىر - بىر سۆزلەپ بەردى. بىراق كۈرەشنىڭ تېخى ئاچچىقى بېسىلمىغانىدى. كۆڭلىدە دادىسىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بار ئىدى. كان يولىدا دادىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيتتى. ھەتتا كۆڭلىدە دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلايتتى. كېيىن دادىسىدىن كان يولىدا ئۆزىگە نېمىشقا بۇنچىلىك قاتتىق قوللۇق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ، پەسكويىغا چۈشتى. دادىسىنى خاتا چۈشەنگەنلىكىدىن خىجىل بولدى.

# يۇرتقا قايتىش

1973 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىنىڭ بېشىدا تىللاخان كوچىغا قاراپ يولغا چىقتى. مەقسىتى كوچىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ بېقىش ئىدى. گەرچە بۇ يەردە ھال ـ كۈنلىرى يامان ئەمەس ئۆتىۋاتسىمۇ، ئەمما باللارنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىنى ئويلاشمىسا بولمايتتى. تۇنجى بالىسى كۈرەشنىڭ ئوقۇشسىز قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرگەن ئانا باشقا باللىرىنىڭمۇ ئوقۇشسىز قېلىشىنى خالىمايتتى. بۇلار بۇ يەردە نوپۇسسىز، يەنى شۇ چاغنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا قارا نوپۇس بولغانلىقى ئۈچۈن باللارنىڭ مەكتەپكە كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باللار ئوقۇش يېشىغا توشۇپ قېلىۋاتاتتى. يىل ئۆرۈلسىلا مەكتەپكە كىرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا كوچىغا بالدۇرراق بېرىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ بېقىپ كۆچۈشكە تەييارلىق قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىغان ۋاقىتتا قاتناش تاپماق تەس بولغاچقا، غۇلجا قىزىل بايراق قاتناش بېكەتكە بېرىپ،

كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

تىللاخان ئانا كۇچادىن 1974 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قايتىپ كەلدى. ئانىسىنىڭ يولىغا قاراپ تاقىتى تاق بولغان بالىلار ئانىسىنى كۆرۈپلا كۆزلىرىدىن سىيغىنىش ياشلىرىنى تۆكتى. ئانىمۇ بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ، بالىلىرىنىڭ ئوتىدا پۇچۇلانغان يۈرىكىگە مەلھەم تاپتى. ئادەم سورۇقچىلىق يىللىرىدا مېھرى - مۇھەببەتكە ئاسايىشلىق يىللىرىغا قارىغاندا بەكرەك موھتاج بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قېنىشماي خېلى ئۇزاققىچە قۇچاغلىشىپ يىغلاشتى.

كەچتە بىر ئائىلە كىشىلىرى داستىخان ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ تىللاخان كۇچادىن ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلارنى ئاڭلاشتى.

- كۇچا ئۆزگىرىپتۇ- دېدى تىللاخان سۆزىنى باشلاپ. - بۇرۇنقىدەك قالپاق كىيگۈزۈشلەر، يىزىغا چۈشۈرۈشلەر ئاساسەن تۈگەپتۇ، كىشىلەر بىرئاز ئەركىن ھەرىكەت قىلغۇدەك ھالغا كېلىپتۇ. نورما بىلەن تەمىنلەشلەرمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر قەدەر ياخشىلىنىپتۇ.

- مەكتەپ قانداق بولۇپتۇ- دېدى مۇنەۋۋەر ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ـ مەكتەپلەرمۇ نورماللىششقا باشلاپتۇ قىزىم، كوچاغا كۆچۈپ بارساقلا سىزمۇ مەكتەپكە كىرىسىز.

سۆھبەت خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. ئانىسىدىن بىر قانچە ئاي ئايرىلغان باللار ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. مەشىنىڭ قىزىقىدا ئىگەكلىرىنى يۆلىشىپ ئولتۇرغان باللار بىردىن ـ بىردىن مۈگدەپ ئۇخلاپ قېلىشقا باشلىدى. سۇلتانجان باللارنى ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

ـ ھازىر يېنىمىزدا نەق پۇل يوق، يول تەييارلىقى ئۈچۈن ئازراق پۇل تەييارلىماساق بولمايدۇ. قولۇمىزدىكى بىرقانچە ئۆچكە بىلەن، ئۆينى ساتايلى. بىراق سەپەرگە باھار ئۆتۈپ، سەل ياز كەلگەندىرەك چىقايلى، بولمىسا، يولدا باللار بىلەن قىينىلىپ قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاندا قار ئېرىگەندىن كېيىن قاتناشمۇ بىر قەدەر كۆپىيىدۇ.

ئۇلار مەسلىھەتلىرىنى پىشۇرۇشۇپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە باھار ئايلىرىمۇ كەلدى. ئۇلار ئۆچكىلىرىنى يايلاققا چىقىرىۋېتىشتىن ئىلگىرى سېتىۋەتتى. ئەمدى ئۆينى ساتسىلا سەپەر تەييارلىقىنى قىلسا بولاتتى. بىراق قېرىشقاندەك ئۆينى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. خېلى ئادەملەر بىلەن ئۇقۇشۇپ باقتى، ئەمما ئۆينى ئالاي دېمەيتتى. ئۇي مەھەللە بېشىدىكى ئۆستەڭ بېشىغا

جايلاشقانلىقى ئۇچۇن مەھەللىدىكىلەر سۇ بېشىدىكى ئۆينى خىتايغا ساتقىلى قويمايتتى، بۇنداق ئۆيلەرنى خىتايلارمۇ ئېلىشتىن قورقاتتى. كېيىن سۇلتانجان مەھەللىدىكى كۆڭلى يېقىن بىرسىدىن ئۆيىنىڭ نېمىشقا سېتىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەترەت باشلىقى مەھەللىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سۇلتانجاننىڭ ئۆيىنى سېتىۋالساڭلارمۇ كېتىدۇ، سېتىۋالمىساڭلارمۇ كېتىدۇ، ئۇ بەربىر كېتىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆي كۆتۈرۈپ كەلمىگەن، يەرنى ۋە ئۆي سالىدىغان ماتېرىيالنى بىز بەرگەن، ئۆي ھۆكۈمەتكە تەۋە» ، دەپتۇمىش. شۇڭا مەھەللىدىكىلەر ئۆينى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. سۇلتانجان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەھەللىدىكىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھەممىسى بىلەن يېقىن بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا ئەترەت باشلىقى بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئەھۋالنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانجان تىللاخان بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، تىللاخان بالىلارنى ئېلىپ ئالدىن كېتىۋېرىدىغان، سۇلتانجان ئۆينى سېتىپ ئارقىدىن بارىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

تىللاخان غۇلجا قىزىل بايراق بېكەتتە بىر ھەپتە ساقلاپ، ئاران دېگەندە ئاپتوبۇس بېلىتىگە ئېرىشتى ۋە

ئىككى كېچە، ئۈچ كۈندۈز يول يۈرۈپ، بالىلار بىلەن 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى كۇچاغا يېتىپ كەلدى.

# كىچىك شاگىرت

تىللاخان غۇلجىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى، كادىرلار رايونىدىكى ئۆيىگە قۇلۇپ سېلىپ، نۇپۇس دەپتىرىنى سۇلياۋغا يۆگەپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈۋەتكەنىدى. ئەجدادلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ تۇپراقتا چوڭ بولغان ئىنسانلار ۋاقتى كەلسە، بۇ تۇپراققا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كىملىكىگىمۇ ئىگە بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ كىملىكى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ۋاراق قەغەزچىلىك قىممەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار جېنىدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزنى ھەممە نەرسىسىدىن بەكرەك ئاۋايلاپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن ئىدى.

كۈرەش بۇ چاغدا 15 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، بۈرۈتلىرى سۇس خەت تارتىپ، يىگىتلىكنىڭ ساھىلىغا قەدەم ئېلىشقا ھازىرلانغان مەزگىل ئىدى. تىللاخان بىلەن كۈرەش ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ،

ئۇدۇل كادىرلار رايونىدىكى ئۆيىگە باردى. ھويلىنىڭ ئىشىكىدە ئۆزلىرى مېڭىشتىن ئىلگىرى سېلىپ قويغان قۇلۇپ كۆرۈنمەيتتى. ئىشىك ئىچىدىن ئىتىك ئىدى. دېمەك بۇ ئۆيدە باشقا بىرىنىڭ بارلىقىدىن بىشارەت ئىدى. تىللاخان ھويلىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بىردەمدىن كېيىن ھويلىنىڭ ئىچىدىن خىتايچە:

- كىم؟- دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

تىللاخان خىتايچە:

- مەن، ئۆيىنىڭ ئىگىسى،- دەپ جاۋاپ بەردى.

- ھازىر بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ ئەمەس، مېنىڭ ئۆيۈم، گېپىڭ بولسا ھۆكۈمەتكە ئېيت، - دېدى خىتاي جاۋابەن ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ.- سەن ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرەلمەيسەن.

تىللاخاننىڭ بۇ يەردە جەڭگى - جېدەل قىلىپ، تۇرۇۋېلىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىغا، ھەتتا ھويلىغا كىرىپ نۇپۇس دەپتىرىنى كۆمۈپ قويغان يېرىدىن ئېلىۋېلىشقىمۇ قادىر بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تىللاخان باللارنى ئەگەشتۈرۈپ، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئۆي نېرىدىكى بۇرۇنقى قوشنىسى نىساخاننىڭ ئۆيىگە كىردى. نىساخان بىرقانچە

يىل ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتكەن كونا قوشنىسى بولۇپ، تىللاخانىنىڭ كۆچۈپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئالدىنقى قېتىم تىللاخان كۇچاغا كەلگەندە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تەپسىلىي پاراڭلاشقانىدى. ئۇ چاغدا ئۆيى تېخى باشقىلارغا بېرىۋېتىلمىگەن بولۇپ، كۆچۈپ كېلىپلا مۇشۇ ئۆيگە كىرىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. نىساخانىنىڭ دېيىشىچە، ھازىر سۇلتانجانمۇ، تىللاخانمۇ ئىش ئورنىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن كادىرلار رايوندىكى ئۆيى تارتىۋېلىنغانىكەن.

ئۆيسىز قالغان تىللاخان كونا تونۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تېرەك تۈۋىدىن يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى مەھەللىدىن ئىككى ئېغىزلىق بىر ئۆي تېپىپ ئولتۇردى. ئۆي ئۆزۈم باراڭلىق ناھايىتى چوڭ بىر ھويلىغا جايلاشقان بولۇپ، ھويلىدا يەنە بىر قانچە ئىجارىكەش ئائىلە بار ئىدى. تىللاخانىنىڭ مۇقىم ئىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. تىللاخان ساقچىخانىغا بىرقانچە كۈن قاتراپ يۈرۈپ، نوپۇسىنى ناھايىتى تەستە قايتا ھەل قىلدى. ھېلىمۇ ساقچىخانىدا سۇلتانجاننىمۇ، تىللاخاننىمۇ تونۇيدىغان كونا ئۆلپەتلىرى بار ئىكەن، شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىشمۇ پۈتكەن بولدى. بىراق ئۇ ئۇن پونكىتىدىن ئۇن سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىش ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىدى. كۆرەش بالىنىڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىغا

يۈكلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرەش 15 ياشقا كىرىپلا بويلىرى ئۆسۈپ چوپ ـ چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى. كۆرەش بىر مەزگىل زاراڭزا تېرىيدىغانلارغا زاراڭزا تېرىشىپ بېرىپ يۈرۈپ، پۇل تاپقان بولدى. بىراق بۇ ئىشمۇ ۋاقىتلىق ئىش ئىدى. زاراڭزا تۈگىگەندىن كېيىن يەنە ئىشسىز قالدى. قۇرۇلۇش ئەترىتىگە بىرقانچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، ئەمما يېشى كىچىك ئىكەن، دەپ ئالمىدى. كېيىن كۆچا ناھىيەلىك دورا شىركىتىدە ئىشلەيدىغان تۇغقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئىشقا كىردى. قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشى ئېغىر بولغاچقا، كۆرەشنى لاي ئېتىشكە قويدى. بىراق لاينى پۇت بىلەن كېچىپ پىشۇرىدىغان بولغاچقا شۇنچە كۆپ لاينى چەيلەپ پىشۇرۇپ بولغۇچە كۆرەشنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ھالى قالمىدى، پۇتلىرى ئاغرىپ ماڭالماي قالدى. كەچتە شۇنچە تەستە ئۆيگە كېلىپ، كاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئەتىسى پۇتىنى مىدىراتقۇدەك مادارى بولمىسىمۇ يەنىلا ئىشقا باردى. بۈگۈن ئىش بېشى كۆرەشنى لاي ئېتىشكە ئەمەس تام ئۈستىدىكى ئۇستامغا كېسەك ئېتىپ بېرىشكە قويدى. ئېغىر كېسەكنى تام ئۈستىدىكى ئۇستامغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆرەش تىرىشىپ ئىشلىدى. لېكىن ئارىلىقتا بىر كېسەكنى ئۇستام باشقا بىر ئىشقا مىلىك بولۇپ قالغاندا ئاتقانلىقى ئۈچۈن، كېسەك ئۇدۇل بېرىپ ئۇستامنىڭ يوتىسىغا تەگدى.

بۇ ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەن ئۇستام كېسەكنى ياندۇرۇپ كۈرەشكە قارىتىپ ئاتتى. كېسەك ئۇدۇل بېرىپ كۈرەشنىڭ بېقىنىغا تەگدى. كېسەكنىڭ زەربىسىدىن كۈرەش يەرگە دۈم چۈشتى. ئاغرىق ئازابىدىن ۋارقىرىغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن دېمى كېسىلىپ، ئاۋازى چىقمىدى. چىرايى كۆكىرىپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ياندىكى باشقا ئىشلەمچىلەر يېنىغا كېلىپ، ئەھۋال سورىدى، لېكىن كۈرەش تىنالمايۋاتقاچقا، ئىچىدىن گەپ چىقمايۋاتاتتى. كۈرەشنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئىش بېشى كۈرەشنى ئىككى ئىشچىغا كۆتەرگۈزۈپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

كۈرەش بىرقانچە كۈن ئەسلىگە كېلەلمەي ئۆيدە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. سول تەرەپ بېقىنىدا قوش ئالقانچىلىك يەر كۆكىرىپ كەتكەنىدى. تىللاخان ئانا ئوغلىنىڭ ھالىغا قاراپ كۆز يېشى قىلاتتى. كىچىك بىر بالىغا شۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلغان ئادەمنى قارغاپ كۆڭلىگە تەسەللىي تاپاتتى. تىللاخان ئوغلى كۈرەشنى ئۆيدىن ھويلىغا يۆتكەپ ياتقۇزۇپ قويدى، ياز كۈنلىرى بولغاچقا ئۆي ئىچى بەكلا تىنجىق ئىدى. كۈرەش ھويلىدا ياتقاچ قېرىنداش بىلەن رەسىم سىزىپ ئىش پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

بىر كۈنى ھويلىنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدە ئولتۇرىدىغان تۇردى ئېلى ئىسىملىك قوشنىسى كۈرەشنىڭ رەسىم

سىزالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. تۇردى ئېلى ئەسلىدە ئەينەككە رەسىم سىزىپ جان باقىدىغان ئادەم بولۇپ، ھازىر ئاياللار ئارىسىدا مودا بولىۋاتقان گاز ياغلىقىنىڭ بۇرجىكىگە گۈل سىزىپ پۇل تېپىۋاتاتتى. تاپاۋىتى خېلى ياخشى ئىدى. تىللاخان بۇ ھويلىغا كۆچۈپ كەلگەندە تۇردى ئېلى ئۆيدە يوق بولۇپ، تېخى تونۇشۇپ سەپەردىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەنۋەر ئىسىملىك 6 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ بازارغا چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بازىرى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە ھەمكارلىشىدىغان بىر ياردەمچىگە موھتاج ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈرەشنى شاگىرتلىققا ئېلىش خىيالىغا كەلدى ۋە بۇ خىيالىنى تىللاخانغا بىلدۈردى:

- تىللاخان ئاچا - دېدى تۇردى ئېلى سۆزىنى باشلاپ، - مەن كۈرەشجاننى شاگىرتلىققا ئالاي، قورۇلۇشتا ئىشلەپ جاپا تارتىپ يۈرمىسۇن، ياخشى ئىشلىسە، تاپقان پۇلنى تەڭ بۆلۈشەيلى.

بۇ تەكلىپ، تىللاخانغىمۇ، كۈرەشكىمۇ خوپ كەلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ كۈرەش تۇردى ئېلىنىڭ يېنىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى گاز ياغلىققا گۈل بېسىش، چالا قالغان يەرلىرىگە قول بىلەن سىزىش

ۋە پۈتكەنلىرىنى بازارمۇ بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ سېتىش ئىدى. كۈرەش بۇ تېخنىكىنى بىرقانچە كۈنگە قالمايلا تېز ئىگەللىۋالدى. ھەتتا بىر ياغلىقنىڭ بۇرجىكىگە گۈلنى ئۆزى يالغۇز، مۇستەقىل سىزىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن ئۇستىسى تۇردى ئېلى قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى. ئۇلار گاز ياغلىقلىرى تەييار بولغاندا بىرلىكتە بازارغا چىقىپ كېتەتتى. بەزىدە ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆيگە كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا تىللاخان ئانا تۇردى ئېلىنىڭ ئوغلى ئەنۋەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. تۇردى ئېلىمۇ دېگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، تاپقان پۇللىرىنى كۈرەشكە تەڭ بۆلۈپ بەردى. كۈرەشنىڭ تاپقان پۇللىرى بىلەن ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى.

1974 ـ يىلى نويابىر ئايلىرىدا سۇلتانجان غۇلجىدىن كەلدى. تىللاخان بالىلار بىلەن تۇرۇۋاتقان ئۆينى كىچىك كۆرۈپ، پىلاڭ مەسچىتىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ھويلىسى بار بىر ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. كۈرەشنىمۇ تۇردى ئېلىنىڭ يېنىغا ئەۋەتمىدى. ئۆزى قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن ئىش تېپىپ كۈرەشنىمۇ يېنىغا ئېلىۋالدى. ئەمما بۇ ئەھۋال ئۇزۇنغا بارمىدى. تىللاخان بىلەن سۇلتانجان ئارىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەل ئەۋجىگە چىقىپ، ئاخىرى ئاجرىشىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار 1975 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رەسمي ئاجراشتى. 4 بالا تىللاخانغا

قالدى. سۇلتانجان يوق ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە كەتتى.

## گىلەم زاۋۇتىدىكى بالا ئىشچى

ئائىلە دادىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ يۈكى يەنە كۈرەشنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. كۈرەش بىر مەزگىل رامكىغا ئېلىنغان ئەينەككە گۈل سىزىپ، ئۆينىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ يۈردى. گەرچە بۇ ئىشتا كۆپ پۇل تاپقىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئۆينىڭ كىچىك چىقىملىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى.

1975 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا كۈرەش باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تاشقى سودا ئىدارىسىغا قاراشلىق گىلەم زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشتى. ئۇ چاغلاردا تاشقى سودىنىڭ گىلەملىرى ئاساسەن باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن گىلەم توقۇشقا قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. شۇڭا ئۇ يەرگە كىرىپ ئىشلەشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كۈرەش ئىككى ھەپتىگىچە بىر ئۇستامغا ياردەملىشىپ، شاگىرت بولۇپ گىلەم توقۇدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇستىسى كۈرەشنىڭ گىلەم توقۇشتىكى

چىۋەرلىكى، تېزلىكى ۋە تېرىشچانلىقىنى كۆرۈپ، باشلىقىغا كۈرەشنى رەسمىي ئىشچى سۈپىتىدە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە گىلەم توقۇشقا قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. باشلىق ئۇستىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە يېڭى بىر گىلەمگە تۇتۇش قىلدى. ئادەتتە ئۇلارنىڭ مائاشى پۈتتۈرگەن گىلىمگە قاراپ بېرىلەتتى. گىلەمنى قانچە تېز چۈشۈرسە، شۇنچە تېز مائاشقا ئىگە بولاتتى. كۈرەش ئۇستىسى بىلەن گىلەم توقۇشتا خېلى ئۇبدان كېلىشىپ قالدى. ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا گىلەملەرنى ناھايىتى تېز چۈشۈرەتتى. ئۇستىسى كۈرەشتىن شۇنچىلىك رازى ئىدى.

ئادەتتە ئۇلار گىلەمنى ئالدىېدىكى گىلەم نۇسقىسى سىزىلغان چېرتيوژغا قاراپ توقۇيتتى. كوچىدا گىلەم نۇسخىلىرىنى سىزىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاددىي نۇسخىلاردىن باشقا مۇرەككەپ نۇسخىلارنىڭ چېرتيوژلىرى ئۈرۈمچىدىكى ۋە ياپونىيەدىكى مۇتەخەسسىلەر تەرىپىدىن سىزىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار چېرتيوژلارغا ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى كۈرەش بىلەن ئۇستىسى ئالاھىدە بىر گىلەم نۇسخىسىنى توقۇۋاتاتتى، ئۇستىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن چېينى چېرتيوژنىڭ ئۈستىگە تۆكۈۋېتىپ سالدى. چېرتيوژ قەغەزگە سىزىلغانلىقى ئۈچۈن چايدا يۇل بولۇپ، ئۈچتىن بىر قىسمى تىتىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇستىسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ئۇستىسى بۇ سەۋەبلىك مائاشسىز قېلىشى ھەتتا ئىشتىن ھەيدىلىشى مۇمكىن ئىدى. باشلىقىغا بۇنى دېمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. شۇ كۈنى ئۇستىسى تولىمۇ پەرىشان يۈردى. دورىنى ئارتۇق يەۋالغاندەك خامۇش كۆرۈنەتتى. كەچتە بىر تاغا غەم بىلەن ئۆيىگە كەتتى. كۈرەش ئىشتىن چۈشۈپ، گىلەمچىلىك سېخىدا قېلىپ قالدى. بۇزۇلۇپ كەتكەن چىرتىيوژنى ئاۋايلاپ سومكىسىغا سالدى ۋە ئۆيىگە كەتتى. كەچتە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، چىرتىيوژنى قايتىدىن باشقا قەغەزگە كۆچۈرۈپ سىزدى. بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى گېلەم توقۇش جەريانىدا ئېسىدە قالغىنى بويىچە سىزدى. ئەتىسى ئىشقا بېرىپلا يېڭىدىن سىزىلغان چىرتىيوژنى ئۇستىسىغا كۆرسەتتى. ئۇستىسى چىرتىيوژنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كۈرەشكە قاراپ ھەيران قالدى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ باغرىغا باستى. يېڭىدىن سىزىلىپ چىقىلغان چىرتىيوژ بۇرۇنقىسى بىلەن ئوپمۇ ـ ئوخشاش ئىدى. ھېچقانداق سىزىقلىرى چۈشۈپ قالمىغان ئىدى. بۇ ئىش بىردەمدىلا پۈتۈن گىلەم زاۋۇتىغا پۇر كەتتى، ھەتتا باشلىقلارنىڭ قولىقىغىمۇ يېتىپ باردى. گىلەم زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى كۈرەشنىڭ چىرتىيوژنى قايتا سىزىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ كۈنىلا ئۇنىڭ مائاشىنى 41،60 بېكىتىپ زاۋۇتنىڭ گىلەم لايىھىلەش، سىزىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشخانىسىغا يۆتكەپ چىقتى. يىل ئاخىرىدا

ئۈرۈمچىگە كۇرسقا ئەۋەتتى. ئۇ يەردە باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ياپونىيەدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدى.

# كەلمىگەن تەلەي

1976 - يىلدىن باشلاپ كۈرەش گىلەم زاۋۇتىدا تەشۋىقات ئىشلىرىنىمۇ جانلاندۇردى. زاۋۇت ئىچىدە تام گېزىتى چىقىرىپ، ئىشچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەنئەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە ساز ۋە ناخشا مەشىق قىلدى. ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سەنئەت پائالىيەتلىرىگە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ نامىدىن قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتىنىمۇ نامايان قىلدى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئارتىسى سۈپىتىدە ئويۇن قويۇشلارغا قاتناشتى. بۇ مەزگىللەردە كۈرەشتىكى ساز ۋە ناخشىغا بولغان ئىشتىياق، رەسىم ۋە چېرتيوژ سىزىشقا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بىر كۈنلەردە سەنئەت مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ، سىڭلىسى مۇنەۋۋەردىن كەچ ۋاقىتلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ

دەرسلىرىدىن باشلاپ دەرس ئېلىۋاتاتتى.

1976 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا كۇچاغا مەركىزى مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئادەم كەلدى. ئۇلار كۇچانى قەدىمكى كۈسەن سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، كۇچادىن بىر قىسىم سەنئەت تالانتىغا ئىگە ياشلارنى قوبۇل قىلماقچى ئىدى. بۇ چاغدا كۈرەشنىڭ كۇچادا خېلى نامى چىقىپ قالغانىدى. كۇچا سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن كۈرەش مەركىزى مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئىمتىھان بەردى. كۈرەشتىكى سەنئەت تالانتى ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقتى. ئۇلار كۈرەشنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن كۈرەش ئۇلار بىلەن كۇچادا بىر ئايدەك بىرگە بولدى. ماڭىدىغان كۈن يېقىنلاشقاندا كۈرەش گىلەم زاۋۇتىدىكىلەر بىلەن خوشلاشتى، ئۇلارمۇ كۈرەشنى ياخشى تىلەكلەر بىلەن بەخت تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۆيدىكىلەرمۇ شادلىققا چۆمدى. ئەتىگەندە يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىشىپ بېرىپ، كۆز ياشلىرى بىلەن خوش دېيىشتى.

ماڭىدىغانلار كۇچا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھويلىسىغا يىغىلغانىدى. ماڭىدىغان ئاپتوبۇس ئەتراپىدا مەركىزى مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن

كەلگەنلەردىن سىرت ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. كۇچادىن تاللانغانلار پەقەت 5 بالا بولۇپ، 4 ختتاي، بىر ئۇيغۇر ئىدى. ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىسىدا مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ بار ئىدى. ئۇ كۈرەشنى كۆرۈپ:

ـ سۇلتانجاننىڭ بالىسىمۇسەن؟ـ دەپ سورىدى. كۈرەش:

ـ ھە، دەپ جاۋاپ بەردى، تۆۋەنچىلىك بىلەن.

ـ سۇلتانجاننىڭ ئېغىر سىياسىي مەسىلىسى بار، بۇ بالا بارسا بولمايدۇ. ئارقا كۆرۈنۈشىدە مەسىلە بار ئائىلىنىڭ بالىلىرىنى بېيجىڭغا ئەۋەتسەك، كەلگۈسىدە مەسىلە چىقىپ قالسا، مەسئۇلىيەت بىزگە يۈكلىنىدۇ،ـ دېدى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ھويلىدا بىردەم غۇلغۇلا بولدى، ناھىيە رەھبەرلىرى باش قوشۇپ بىر نېمىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. بېيجىڭدىن كەلگەن ختايلارنىڭ قۇلۇقىغا پىچىرلاشتى. ئاخىردا كۈرەشنى قالدۇرۇش قارارىنى ئېلىشتى.

كۈرەش يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ھويلىدا ئانىسى تىللاخاننى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى.

## ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپكە كىرىش

بۇ ئىش كۆرەشنىڭمۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ روھىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار بۇ كەلمىگەن تەلەيىنىڭ سەۋەبىنى كىمگە باغلاشنى بىلمەيتتى. ھەر كىم ئۆزلىرى بىلگەنچە بىركىملەر بىلەن قورساق ئۇرۇشى قىلاتتى، ئەمما بىر - بىرىگە دېيىشمەيتتى. كۆرەش يەنە ئىشلەش قارارىغا كەلدى. تەقدىرنىڭ ئاشۇ گىلەم زاۋۇتىغا باغلىنىپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇت باشلىقىمۇ ئۇزىتىپ قويىدىغان چاغدا: «قايتىپ كەلسەڭ سېنى يەنە ئالىمىز، سەن بىزگە لازىم» دېگەن ئىدى.

كۆرەش بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە ئىشقا باردى. زاۋۇتتىكىلەر كۆرەشنىڭ ماڭالماي قالغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان بولسىمۇ، سەۋەبىنى كۆرەشنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاشنى خالايتتى. ئەمما كۆرەش ھېچنىمە دېمىدى. زاۋۇتتىكىلەر بىر نېمىلەرنى قىياس قىلىشىپ، كۇسۇلدىشاتتى.

كۈرەش زاۋۇت ئىچىدە ئۆزىنى بىر مەزگىل قولايسىز ھېس قىلدى. بىر - ئىككى ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ پاراڭلاشسا، خۇددى ئۆزى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىشىۋاتقاندەك خۇدۇكسىرەپ، بىئارام بولاتتى. ئەمما بۇ ھالەت ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. كۈرەش ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھازىر پۈتۈن گىلەم زاۋۇتىنىڭ تېخنىك خادىمىدەك بولۇپ قالغانىدى. گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۇنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتەتتى. كۈرەش ھازىر ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا بۇرۇنقىدەك سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما بىراقلا تاشلاپ قويمىدى. ۋاقتى يەتكەن ۋاقىتلىرىدا يەنىلا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئارتىسى سۈپىتىدە ئويۇن قويۇشلارغا قاتنىشىپ تۇردى. كەچلىرى سىڭلىسى مۇنەۋۋەر بىلەن بىرلىكتە دەرس ئۆگەنىدى. مەقسىتى كەم قالغان ئوقۇش ھاياتىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تولۇقلاش ئىدى.

1977 - يىلى ياز ئايلىرىدا كۈرەش ئۈچۈن يەنە بىر پۇرسەت كەلدى. ئۈرۈمچىدىن، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قارمىقىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئادەم ئېلىش ئۈچۈن كۇچاغا ئادەم كەلگەنىدى. ئەمما كۈرەش ئىمتىھان بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئالدىنقى قېتىملىق زەربىنىڭ داغلىرى تېخىچە يۈرىكىدىن پۈتۈنلەي

يوقاپ بولالمىغانىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇرۇمچىدىن كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىر مەزگىل بىرگە يۈردى. ئۇلارمۇ كۈرەشنىڭ ئىمتىھان بېرىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما كۈرەش ئىمتىھان بېرىشكە ماقۇل بولمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا بىر يىل ئىلگىرى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ھويلىسىدا كۆرگەن ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل باشلىقىنىڭ سىمىز، گۆشلۈك يۈزى ساڭگىلاپ تۇراتتى. شۇ قېتىم ئاشۇ چىراي ئۇنىڭ بەختىگە مۇز تاشلىغانىدى. ئۇ ھېلىمۇ ئاشۇ ئورۇندا مەزمۇت ئولتۇراتتى. قانۇن بولمىغان يەردە ئادەملەرنىڭ تەقدىرى شەخسلەرنىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىر تەرەپ قىلىناتتى. ھېچقانداق يۆلەنچۈكى بولمىغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشتىنمۇ مۈشكۈل ئىدى. گەرچە ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىزمەت قىلغان ئاكتىپلار يەنىلا ئىش بېشىدا ئىدى. ۋەزىيەت ئۆزگەرگەن بىلەن ئۇلارنىڭ كاللىسى ئۆزگەرمىگەنىدى. گەرچە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكتىن كۈرەشنى ئىمتىھان بېرىشكە تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۈرەش يەنىلا ئىمتىھان بېرىشتىن ۋازكەچتى.

1978 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا كۈرەش ئاقسۇغا بېرىپ، ئىمتىھان بەردى. ئارزۇسى ئاقسۇ سەنئەت

مەكتەپتە ئوقۇش ئىدى. ئۇنىڭ ساددا خىيالىدا ئاقسۇغا بېرىپ ئىمتىھان بېرىش، كۇچادىكى ئەمەلدارلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ تەقدىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم باشقىلارنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. بەلكىم بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. بەزىدە ئويلىمىغان كىچىك ئىشلارمۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىگە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. كۈرەشنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇنۇشى ئۈنۈم بەردى. ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپىنىڭ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق چاقىرىقى پوچتا ئارقىلىق بىۋاسىتە كۈرەشنىڭ قولىغا تەگدى. كۈرەش ھاياجانلاندى، پەقەت كۈرەشلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلە ھاياجانلاندى. تەقدىرىنىڭ قارا كۈنلىرىدىن قۇتۇلغاندەك خوشاللىققا چۆمدى. بەلكىم بۇ كۈرەش ئويلىغاندەك ئاقسۇغا بېرىپ ئىمتىھان بەرگەنىنىڭ نەتىجىسىدۇر، بەلكىم ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، ئىش بېشىدىكىلەر ئىنساپقا كېلىپ قالغاندۇر. ئەمما بۇنىڭ جاۋابى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئەمدىكى يول ئاقسۇغا ئىدى.

# ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپتىكى كۈنلەر

ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپ ئۈنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل كۈنلەر بولۇپ قېلىشىنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ سەنئەت ھاياتىنى ئويلىسىلا ئاقسۇ سەنئەت مەكتىپىنى تىلغا ئالماي ئۆتمەيتتى. بۇ خىل تۇيغۇلار يالغۇز كۈرەشتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرىدە بار ئىدى. ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ۋە سىڭىللىرىغا ئۈمىد بەرگەن بىر يەر ئىدى. كۈرەش ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئائىلىسىدىكىلەر كۈرەش ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىدە دائىم ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپنى زوق - شوخ بىلەن تىلغا ئالاتتى.

كۈرەش ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپتە 1978 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە ئۈچ يىل ئوقۇدى. گەرچە كۈرەش مەكتەپنىڭ ئاكادىيون كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۈرەشنىڭ سەنئەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى، كۆپ تەرەپلىمىلىك قىزىشى ئۇنى باشقا بىر يولغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا سەنئەت

نەزەرىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال كۆرۈش ئۈچۈن خىتاي تىلى ئۆگەندى. ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن قىزىققىدىغان دۇتتار چېلىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈردى. ناخشا ئېيتىش، شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلدى. ئۇ ئادەتتىكى دەرىسلىرىدە ئاكاردىيون كەسپى بويىچە تەربىيەلىنىۋاتىسىمۇ، لېكىن مەكتەپ ئىچىدە دۇتار چېلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە شېئىر يېزىش جەھەتتە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئۇ مەزگىللەردە مەكتەپ ئىچىدە ۋە ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆرەش بۇ خىل پائالىيەتلەردە مەكتەپكە ۋاكالىتەن سەھنىگە چىقىدىغان ئاساسلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە كۆرەش سەنئەت مەكتەپنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا ئاقسۇدا كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، تونۇلۇپ بولۇنغانىدى.

ئۇ مەزگىللەردە جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم سەنئەتكارلار بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچىلىرى كەسپىي جەھەتتە مۇكەممەل مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن سەنئەتكە بولغان ھەقىقىي چۈشەنچىلىرىمۇ يوق ئىدى. گەرچە ئۇلار ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتالىسىمۇ، ئەمما تېكىستلارنى چۈشىنىش، مۇزىكىغا كىرىش ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى كۆپ ئاجىزلىقلار بار ئىدى. كۆرەشنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال كۆرۈپ نەزىرىۋي سەۋىيىسىنى

ئۆستۈرۈشى، نەزىرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ سىناق ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ناخشا ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇب ياراتقانىدى. ئۇنىڭ مەكتەپتە ياراتقان كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ زور غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. شۇڭا كۈرەش ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلىپ بولغانىدى.

كۈرەش 1981 ـ يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ھەقىقەتەن ئاقسۇ سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىپ قالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ شادلىقىغا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ جۆر بولدى. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى، ئىمتىيازى تېخىمۇ زورايدى. ئۇ سەنئەت مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەندىن سىرت، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ دەرس بەردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىر تەرەپتىن سەنئەت جەھەتتە دەرس بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سەنئەت، مەدەنىيەت ۋە ھايات ھەققىدىكى بىلىملىرىنى، كۆزقاراشلىرىنى ۋە ئىدىيىسىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئوقۇغۇچىلىرىغا سىڭدۈرگەن ھەر خىل بىلىملىرى، يۈكسەك غايىسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ

قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنى ھەر دائىم ھۆرمەت ۋە سېغىنىش ئىچىدە يات ئېتىدۇ.

كۆرەشنىڭ ئاقسۇدىكى تەسىرى بارغانچە زورىيىپ باراتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە قىزغىنلىقىنى كۆرگەن بىر قىسىم پېشقەدەملەر ئۇنى ئاللىقاچان ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىدە ئەمەل تۇتۇشقا كۆرسىتىپ بولغانىدى. بىراق كۆرەشنىڭ غايىسى بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ سەنئەت ساھەسىدە بۆسۈپ چىقىشنى، ناخشىدا ۋايىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ 1984 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلىنىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئۈرۈمچىگە كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، گېزىت - ژۇرناللار، ئونىۋېرسىتېتلار ۋە بارلىق ئاتاقلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى مۇشۇ يەردە ئىدى. كۆرەش يەنە داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشنى، كەسپىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كۆرەشنىڭ نەزىرىدە ئۈرۈمچى مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا پەلەمپەي بولالايدىغان مۇھىم شەھەر ئىدى.

كۆرەش 1985 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچقا سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ يۆتكىلىپ باردى.

## «غۇنچىلار مۇكاپاتى» پروگراممىسى ۋە ياش چولپان

كۆرەش ئۆرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن مەزگىللەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيەسى تەرىپىدىن «غۇنچىلار مۇكاپاتى» نامىدا ئۆسمۈرلەرگە ئاتالغان بىر سەنئەت پروگراممىسىنى باشلىغان مەزگىل ئىدى. بۇنىڭغا ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرى بىر قىسىم سەنئەتكە قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يەككە ۋە كوللېكتىپ تۈرلەر بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاتقۇزۇپ، مۇسابىقىگە قاتناشتۇراتتى. كۆرەش تۇنجى قېتىمدا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئاۋاز ئارتىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئاچىسى ئارزۇگۈلنىڭ ئوغلى ئىليار مۇتەللىپنى يەككە تۈر بويىچە ناخشا تەييارلاتقۇزدى. ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆزى يازدى ۋە ئۆزى بىر قوللۇق مەشىق قىلدۇردى. ئىليار مۇسابىقىدا «ئاجراشماڭلار ئاتا ـ ئانىلار» ناملىق ناخشىنى ئوقۇپ، باھالىغۇچىلارنى، تاماشىبىنلارنى ۋە

تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئىليارنىڭ ناخشا ئېيتىشتىكى تالانتىدىن سىرت، ناخشىدا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە ھېسسىيات ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئىليار «غۇنچىلار مۇكاپاتى» دا 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، كۈرەش 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، كۈرەشنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۇنجى قېتىم مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان ناخشا ئىجادىيىتى ئۇنى بالىلار ناخشا ئىجادىيىتى ساھەسىدىكى تۇيۇقسىز باش كۆتۈرگەن تەلەيلىك ئادەمگە، ئىليارنى كىچىك ناخشا چولپىنىغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىليارنىڭ نامىمۇ، كۈرەشنىڭ ئىسمىمۇ ھەممە يەرگە تارقالدى. ئۇنى ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىزدەپ كېلىدىغان ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى.

يەنە بىر يىلى «غۇنچىلار مۇكاپاتى» ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى ئۈچۈن رەنا روزىنى تەييارلىدى. بۇ قېتىم رەنا رۇزى مۇسابىقىدا «چېلىكىم» ناملىق ناخشىنى ئېيتتى. ناخشا بالىلارغا خاس ئىجاد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن كىچىك رەنانىڭ شوخ قىلىقلىرى بىلەن جاراڭلىق ئاۋازى ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ مۇسابىقىدە رەنا رۇزى 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، كۈرەش 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كۈرەش

بۇ مەزگىللەردە «غەيرەت قىلىڭ غەيرەت»، «مېنىڭ ئاسلىنىم»، «دېمىدىمۇ»، «مېنىڭ ئانام»، «مەن ئۇيغۇر بالىسى»، «تىلىمنى ئانام بەرگەن» قاتارلىق بىر تۈركۈم بالىلار ناخشىلىرىنى ئىجات قىلدى. كۈرەش ئىجاد قىلغان بۇ ناخشىلارنىڭ تېكىستى ۋە مۇزىكىسىمۇ ئۆزگىچە ۋە يېڭىچە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشىلەرنىڭ قاتتىق قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىللەردە بالىلار ناخشا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، تېكىست يازىدىغانلار مۇزىكا ئىشلىيەلمەيدىغان، مۇزىكا ئىشلەيدىغانلار تېكىست يازالمايدىغان بىر خىل ھالەت مەۋجۇت ئىدى. كۈرەش تېكىست يېزىش، مۇزىكا ئىشلەش، ھەتتا ناخشىسىنى ئۆزى ئېيتىشقىچە ھەممە جەريانلارنى ئۆزى قىلالىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ئېرىشكەنىدى. بىراق كۈرەشنىڭ نىشانى بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ تېخىمۇ يوقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ، سەنئەت ساھاسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى، كەلگۈسىدە سەنئەتنىڭ يوقىرى پەللىسىدە نەزەرىۋىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بوش ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە يەنىلا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دەرسلىكىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ ھامىنى ئالىي

مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيمەن دەپ ئويلايتتى. دېگەندەك ئۇ 1987 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىندى. لېكىن ئۆزىنىڭ سەنئەت ساھەسىدە ئوقۇش نىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىن سەنئەت ئىنستىتوتىنىڭ يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان كومپوزىتورلۇق كەسپىگە ئالماشتى. سەنئەت ئىنستىتوتىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بۇ تۈنجى قارار سىنىپتا پەقەت كۈرەش، بەختىيار، ئەخەت ۋە نۇردىن ئىبارەت تۆت نەپەرلا ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇ يىلى مەكتەپكە ئابدۇللا ئابدۇرەھىم، ئابدۇكېرىم ئابلىز، يۈكسەك شىجائەت قاتارلىق بىر تۈركۈم تالانتلىق باللار قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار دىراما سىنىپىدا كۈرەش بىلەن پاراللېل ئوقۇغان ئىدى. بەزىدە ئۇلار بىر قىسىم دەرسلەرنى بىرلەشمە سىنىپتا بىرلىكتە ئوقۇيتتى.

كۈرەش مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىلا ياش ناخشىچى سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قارمىقىدا قۇرۇلغان ئويۇن قويۇش شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر قانچە قېتىم تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىنى ئايلىنىپ، ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، ئەل ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇنىڭ «پۇل» ناملىق ناخشىسى ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئىجات قىلىنغان مۇنەۋۋەر ناخشىلارنىڭ

بىرى بولۇپ، جەمئىيەتتە كەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەن يىلى ئۆزىنىڭغا يەنە بىر ئامەت كەلدى. شۇ يىلى كۆزنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا ئىشتىن سىرتقى ياش ناخشىچىلارنىڭ تېلېۋىزوردا ماھارەت كۆرسىتىش ناخشا مۇسابىقىسىدا «سېغىندىم»، «تاغ سۇلىرى» قاتارلىق ناخشىلىرى ئارقىلىق باھالىغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە شۇ چاغدىكى ئەڭ داڭلىق ماركا ھېسابلانغان «قار لەيلىسى» رەڭلىك تېلېۋىزورى بىلەن مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆرەشنىڭ نامى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىغا تارالدى. ئەل ئارىسىدا تونۇلغان ناخشا چولپىنى بولۇپ تونۇلدى. بۇ شەرەپ ئەينى چاغدىكى شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك شەرەپ ھېسابلىناتتى.

# ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئورۇندالغان سىمفونىيە

كۆرەشنىڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى ھاياتى ناھايىتى داغدۇغىلىق ۋە مەنىلىك ئۆتتى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئۆزىنى كۆزلىگەن نىشانىغا يېقىنلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ شاۋقۇنسىز، تىنچ ھاياتنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇ ھەر دائىم بىرەر ئىش قىلىشنى، ھاياتىغا يېڭىدىن - يېڭى مەنە بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇ تۆت يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئۆزى تەشنا بولغان سەنئەت بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىن سىرت شەخسىي ئۆمەك تەشكىللەپ، ناھىيەمۇ- ناھىيە ئارىلاپ ئويۇن قويۇشنىڭ تۇنجى ئۈلگىسىنى ياراتتى. كۆرەشنىڭ دادىللىق بىلەن ئاچقان بۇ يولى كېيىنكى كۈنلەردە باشقا سەنئەتكارلار ئۈچۈن يول تاپىدىغان، پۇل تاپىدىغان يېڭى كارۋان يولىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولدا مېڭىپ باقمىغان سەنئەتكارلار ئاز بولسا كېرەك. ئۇ بۇ جەرياندا بىرقانچە قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن

مەملىكەتلىك ناخشا مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك لوڭقىلارغا ۋە شەرەپ مېداللىرىغا ئېرىشتى.

كۆرەشنىڭ سەنئەت مەكتەپتە ئەڭ قىزىققان تېمىسى غەرب مۇزىكىچىلىقىدا شۆھرىتى زور بولغان سىمفونىيە ئىلمى ئىدى. گەرچە ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامى بەزى جەھەتلەردە غەربنىڭ سىمفونىيەسىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئىچكى قۇرۇلما ۋە مۇزىكىلىق بايان جەھەتتە يەنە مەلۇم پەرقلەر بار ئىدى. كۆرەشنىڭ ئىستىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلوماتسىيەسىگە چوڭ ھەجىملىك بىر سىمپونىيە تەييارلاش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇش ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرى بەزى ناخشىلارنى ئىجات قىلغاندىن سىرت كۆپىنچە ۋاقتىلىرىنى سىمفونىيە نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسى، كۆرەشنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇزىكا دىپسرتاتسىيەسى بولاتتى. بۇنىڭغا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سىرت سىرتتىنمۇ مېھمانلار كېلىپ قاتناشسا بولاتتى. سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ دىپسرتاتسىيە ئۈچۈن تەييارلانغان ئايرىم زالى مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. ئالدىنقى قاتاردا كۆرەشنىڭ ئەنگلىيەدىن كەلگەن سىمفونىيە ئوقۇتقۇچىسى،

سىنىپ مەسئۇلى سۇلايمان ۋە باشقا باھالىغۇچى ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇراتتى. كۈرەش سەھنىدە دېسرتاتسىيەسىنى باشلاش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇراتتى. ئالدىغا ئېلېكترونلۇق رېئال تەييار قىلىنىپ قويۇلغانىدى. ۋاقىت توشقاندا سىنىپ مەسئۇلى سۇلايمان باشلاش ئىشارىتى بەردى.

كۈرەش قولىغا مىكرافوننى ئېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

ـ ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، قەدىرلىك مېھمانلار، مەن كۈرەش كۈسەن، سەنئەت ئىنستىتوتى مۇزىكا ئىجادىيەت كەسپىنىڭ 1987 ـ يىللىق تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى بولىمەن. ھازىر سىلەرگە ئۆزۈم ئىجات قىلغان «كۈسەن سىمفونىيىسى» نامىدىكى چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا ئەسىرىمنى ئورۇنداپ بەرمەكچى، ھەممىڭلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ـ كۈرەش سۆزىنى تۈگىتىپ، تاماشىبىنلارغا چوڭقۇر ئېگىلىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، «كۈسەن سىمفونىيەسى»نى چېلىشقا باشلىدى.

ياخشى مۇزىكىنىڭ سېھرى باشقىچە، ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىق بولىشىغا قارىماي، ھەممە ئادەم شۇنچىلىك دىققەت بىلەن جىم ئولتۇرۇپ سىمفونىيە ئاڭلىماقتا ئىدى. مۇزىكىنىڭ لەرزان مۇڭى، گاھ ئادەمنى تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ سىرلىق قوينىغا باشلاپ كىرسە، گاھ كۈسەن بوستانلىقىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت قاينىمىغا ئېلىپ

باراتتى. كۈرەشنىڭ ئېلېكترونلۇق رېئاللىقنىڭ تىللىرىغا تىگىشلىك بارماقلىرىدىن كۆللەنگەن بىر مەدەنىيەتنىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. بىر مەدەنىيەتنىڭ، بىر دەۋرنىڭ سىمۋولى بولغان «كۈسەن» بۈگۈن مۇزىكا تىلى بىلەن قايتا بايان قىلىنىۋاتاتتى.

سىمفونىيە ئاخىرلاشقان ھامان زال ئالقىش سادالىرىغا تولدى. باھالىغۇچى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ چىرايلىرىدا مەمنۇنىيەت نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى. بولۇپمۇ ئەنگلىيەلىك يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى كۈرەشنىڭ مۇزىكا تالانتىدىن، سىمفونىيەنى ئورۇنداش سەنئىتىدىن تولىمۇ رازى بولغانىدى. ئۇ كۈرەش ھەققىدە قىلغان باھا سۆزىدە:

- مەن بۈگۈن بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن يېزىلغان تۇنجى سىمفونىيەنى ئاڭلىدىم ھەم ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىنى قىلدىم. بۈگۈنكى بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلار مېنى چەكسىز ئىپتىخارلاندۇرىدۇ. مىڭ يىل ئىلگىرى كۈسەن دىيارىدا پارلىغان كۈسەن مۇزىكىسى، مىڭ يىل كېيىن كۈسەنلىك يىگىت تەرىپىدىن قايتا نامايەن بولدى، بۇ ھەممىمىزنىڭ شەرىپىدۇر، - دېگەن ئىدى.

كۈرەش مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى، ئەمما كەلگۈسى تەقسىماتىنىڭ قانداق بولۇشى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. «چۈجىنى كۈزدە سانا» دېگەندەك،

مائارىپ نازارىتى ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسىدىن خەۋەرمۇ كۈزدە
چىقاتتى.

## كۆزمونچاق، ھەسرەت ۋە ئېچىنىش

بۇ يىلقى كۈز كۈرەشكە ياخشى كەلمىدى. ئۇ تەقسىمات ئۇچۇرى چىققۇچە ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، ناھىيە ـ بازارلارنى ئارىلاپ، ئويۇن قويۇشقا كەتكەنىدى. ئۇ بىرەر سەنئەت تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتى، بىراق بۇ مەزگىللەردە ئىستەك بىلەن رېئاللىق باشقا ـ باشقا نەرسە ئىدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ تەقسىماتىسىز، ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان بۇ جەمئىيەتتە تەقدىر داۋاملىق باشقىلارنىڭ قولىدا ئوينىلاتتى.

كۈرەش ئويۇن قويۇشتىن سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىپ كەلدى. تېخىچە مائارىپ نازارىتىنىڭ تەقسىماتىدىن خەۋەر يوق ئىدى. ئىش ئورنى تېخى بېكىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىرەر ئىشنى باشلىيالماي كۈنلىرىنى تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بىكار بولسىلا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېجات قىلىپ ئىش پۇشۇقىنى

چىقىراتتى. بۇ ئارىلىقتا بىرقانچە قېتىم مائارىپ نازارىتىگە بېرىپ، تەقسىماتىنى سوّيلەپ كەلگەنمۇ بولدى. 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئاخىر مائارىپ نازارىتىدىن ئۇچۇر كەلدى، بىراق بۇ خوشاللىق ئۇچۇرى ئەمەس ئىدى. كۆرەش 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئوقۇشقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن مائارىپ نازارىتى ئۇنى يەنىلا 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىشنى بۇيرۇغان ئىدى. لېكىن كۆرەشنىڭ 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتىپ بارغۇسى يوق ئىدى. مائارىپ نازارىتىگە بىر قانچە قېتىم قاتراپ بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نەتىجە چىقمىدى. ئاخىرى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى.

شۇ مەزگىللەردە ياسىن مۇخپۇل تېكىست ۋە مۇزىكىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن سەنئەت ساھەسىدە تونۇلۇۋاتقان شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىر ناخشا ئىجادىيەتچىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا يازغان تېكىست ۋە ئىشلىگەن مۇزىكىسىنى شۆھرەتكە ئىگە قىلىدىغان ئادەم يەنىلا ناخشىچى ھېسابلىناتتى. كۆرەشنىڭ 1987 ـ يىلى ئېرىشكەن ئۇتۇقىدىن كېيىن تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئېيتقان بىر قانچە ناخشىسى ياسىن مۇخپۇلغا ياراپ قالغانىدى. بولۇپمۇ كۆرەش ئېيتقان، ئىمىنجان يۈسۈپ ئىجات قىلغان «ئون سەككىز ياشىم» ناخشىسى ياسىن مۇخپۇلغا «مېنىڭ ئىجادىيەتلىرىمنىڭ خاسلىقىغا كۆرەشنىڭ ئاۋازى ماس كەلگۈدەك» دېگەن تۇيغۇنى بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن

كۈرەش ياسىن مۇخپۇل ئىجادىيىتىدىكى «سىم ـ سىم يامغۇر»، «شاھى كۈيلەر»، «سۈرەت»، «خىياللار»، «كۆزمونچاق»، «قەبرىدىكى گۈل»، «ئاق چېچەك»، «كاككۇك قونغان تال»، «نازلانما»، «مەن ئىزدەيمەن بەختىمنى» قاتارلىق جەمئىي 10 ناخشىدىن تەركىب تاپقان «كۆزمونچاق» ناملىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاۋازغا ئېلىش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ناخشا لېنتىسى 1991 ـ يىلىنىڭ قىش مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن بازارغا سېلىندى. بۇ ئەينى يىللىرى رەسمىي نەشرىيات تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ساناقلىق ناخشا لېنتىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ كۈرەشنىڭ چىقارغان تۇنجى ناخشا لېنتىسى بولۇپ، نەشرىياتتىن ناخشا لېنتىلىرىنىڭ بىر قىسىم سېتىش ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. ئۇ چاغدا ناخشا لېنتىلىرىنى كۆچۈرۈپ سېتىش ئىشلىرى تېخى رەسمىي كەسپىي شەكىلدە باشلانمىغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدە مەخسۇس ناخشا لېنتىلىرىنى ساتىدىغان دۇكانمۇ يوق ئىدى.

شۇ چاغلاردا كۈرەشنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى رەسىم ئۇستازى تۇردى ئېلىنىڭ ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈكتە كىچىك بىر رەسىمخانىسى بولۇپ، رەسىمچىلىك بىلەن جان باقاتتى. بۇ چاغلاردا كۈرەشنىڭ ئائىلىسىمۇ ئۈرۈمچىدە بولۇپ، تۇردى ئېلىغا بىلەن يېقىن باردى ـ كەلدىسى

بار ئىدى. كۆرەشمۇ كىچىك ۋاقتىدىكى بۇ ئۇستازىغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقلارنى قىلاتتى. كۆرەش تۇردى ئېلىغا دۇكىنىنىڭ ئالدىغا، يەنى پىيادىلەر يولىنىڭ قىرىغا بىر ئۈستەل قويۇپ، ناخشا لېنتىلىرىنى سېتىش ۋە كۆچۈرۈپ سېتىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپ تۇردى ئېلىغا ياراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆرەش تۇردى ئېلىغا بىر ئۈنئالغۇ ۋە ئۆزىدە بار ناخشا لېنتىلىرىنى تەييارلاپ بەردى ھەم ئۆزىنىڭ يېڭىدىن چىققان «كۆزمونچاق» ناملىق ناخشا لېنتىسىدىنمۇ بەردى. تۇردى ئېلىنىڭ يول ياقىسىدا باشلىغان بۇ كىچىككىنە تىجارىتى كېيىنكى كۈنلەردە زورىيىپ، ئۇنى رەسمىي ناخشا لېنتىلىرىنى سېتىش دۇكىنىغا ئىگە قىلدى. ئاندىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ناخشا لېنتىلىرىنى ئۆزى مەبلەغ سېلىپ ئىشلەيدىغان، ھەتتا كىنو ئىشلەيدىغان دەرىجىگە ئېلىپ باردى. 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تۇردى ئېلىنىڭ ۋە شىركىتىنىڭ نامىدا خېلى كۆپ كىنولار ئىشلەندى. شۇ چاغلاردا تۇردى ئېلى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىنو ئىشلەيدىغان شەخسلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

«كۆزمونچاق» ناخشا لېنتىسى كۆرەش ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولدى. گەرچە كۆرەش ئۇن - سىن نەشرىياتىدىن سېتىش ھوقۇقىنى سېتىۋالغان بۇ تۇنجى ئۈن ئالغۇ لېنتىسىدىن كۆپ پايدا كۆرمىگەن بولسىمۇ،

ئەمما ناخشا لىنتىسى ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە جەريانىنى ئۆگىنىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۆرەش تېكىست ۋە مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىجات قىلغان «ھەسرەت»، «ئېچىنىش» ناملىق ئىككى دانە ناخشا لىنتىسىنى بىراقلا بازارغا سالدى. «ئېچىنىش» ناملىق لىنتىدا «چېچەك قىنى»، «قىز»، «بىلەلمىدىم ھېچ»، «چاي»، «قېنى»، «كۆلمەن»، «ئاجراشماڭلار ئاتا ـ ئانىلار»، «سۆرمە»، «پۇل»، «ئادەم»، «يول»، «شۇنداق بىر يەردە ياشىسام دەيمەن» قاتارلىق 12 ناخشا، «ھەسرەت» ناملىق لىنتىدا «سۆزۈم بار»، «قىزلار»، «دەرۋىش سۆيگۈ»، «دوپپا»، «كۆز»، «ئاي»، «گۈل»، «سېنى ئويلايمەن»، «كەلمەك دېسەڭمۇ»، «بۇلاق»، «بىۋاپا»، «يارىمنىڭ تويى»، «ئانىلار» قاتارلىق 12 ناخشا بار ئىدى. بۇ ناخشىلارنىڭ كۆپىنچىسى 90 ـ يىللاردىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، كۆرەشنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىزتىراپلار، بۇرۇختۇم بولغان روھى ھالىتى ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆپىنچە ناخشىلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان سۆيگۈ، مەۋجۇت رېئاللىققا بولغان نارازىلىق بار ئىدى. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن بۇرۇقتۇم بولاتتى، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتكۈسى كېلەتتى، ئەركىنلىككە ئىنتىلەتتى. «بىلەلمىدىم ھېچ»، «شۇنداق

بىر يەردە ياشىسام دەيمەن» ناملىق ناخشىلىرى ئەنە شۇ ئىنتىلىشلىرىنىڭ، ئەزگۈ خىياللىرىنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ناخشىسىدا بىردىن ھايات ھېكايىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ تېمىلىرى ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن، ئەتراپىدىكى يۈز بەرگەن ۋەقە، ھادىسىلەردىن ئېلىنغانىدى. ئۇ ھاياتنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇڭا ئۇ سىقىلىشتىن بۇرۇختۇم بولاتتى، ئۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلەتتى، شۇڭا ئۇ مەۋجۇت رېئاللىقتىن ئېچىناتتى.

## ئويۇن قويۇش ئۆمىكى

كۆرەشىنىڭ بۇ ئىككى ناخشا لېنتىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئۇ دەسلەپتە ناخشا لېنتىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىمەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم ئىدىيە پەيدا قىلىمەن، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتقا ئېھتىياجى بارلىقىنى، بۇنىڭدا تاماشىبىنلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدىغانلىقىنى، ۋاستىلىق يەتكۈزگەن ئۇچۇرنىڭ بىۋاستە يەتكۈزگەن ئۇچۇرغا قارىغاندا ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن «ئەركەك سۇ»، «ھەيكەل»، «سۇلايمان گۇۋاھ»، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق بىر قىسىم مەشھۇر شېئىرلارغا مۇزىكا ئىشلەپ، ئۇنى ناخشىغا ئايلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇشنىڭ پۇختا تەييارلىقىنى قىلدى. بۇ جەرياندا ئۆزىمۇ بىر قىسىم ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى. «ئەمەلدار»، «ساختا ئاداش»، «ئىت مىجەزلەر» ناملىق ناخشىلار

كۆرەشىنىڭ بۇ جەريانىدا يازغان ئىجادىي ناخشىلىرى ئىدى.

كۆرەش 1993 - يىلى 30 پارە قۇرئاننىڭ قىرائىتىنى ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ، ئۇنى رەسمىي ئۈن - سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلدۇردى. بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، تېخى شۇ ۋاقىتقىچە ئۇيغۇرلاردىن ھېچكىم قۇرئان قىرائىتىنى رەسمىي نەشرىيات تەرىپىدىن نەشىر قىلدۇرۇپ باقمىغانىدى. گەرچە قۇرئان قىرائىتى ئۇ مەزگىللەردە ئۇنچىلىك قاتتىق چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇن توسالغۇلار بار ئىدى. نۇرغۇن ئۈنئالغۇ لېنتىسى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر بۇنداق قىرائەت لېنتىسىگە يېقىن كېلىشتىن قورقاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ لېنتا ئەينى چاغدا قىرىق مىڭ نۇسخا تارقىتىلغانىدى.

كۆرەش 1993 - يىلى ياز ئايلىرىدا جەنۇبتىكى ناھىيىلەرگە بېرىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يېڭى ناخشىلىرى بىلەن ئويۇن قويدى. تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىشى ئالاھىدە بولدى. بىراق ئۆمەكنىڭ تەييارلىقى پۇختا بولمىغانلىقى ۋە ئۆمەكتىكى بىر قىسىم ئارتىسلارنىڭ جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىشى بىلەن ئويۇننى يېرىم يولدا توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى قىشتا سانجى، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق ناھىيىلەردە بىر قانچە مەيدان

ئويۇن قويدى. 1994 ـ يىلى 7 ـ 8 ـ ئايلاردا خوتەندىن باشلاپ، خوتەننىڭ بارلىق ناھىيەلىرى ۋە بىر قىسىم مۇھىم يېزا بازارلىرى، قەشقەرنىڭ بارلىق ناھىيەلىرى، ئاقسۇنىڭ بارلىق ناھىيەلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئويۇن قويدى. ئاندىن كۇچاغا كېلىپ، كۇچادىن تەلەمەتنىڭ داۋىنى ئارقىلىق تەگرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كۆنەسنىڭ ئورمان ۋە ئارالتۆپە يېزىلىرىغا باردى. ئۇ يەردىن غۇلجىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر قانچە مەيدان ئويۇن قويدى. يەنە بىر قانچە مەيدان ئويۇن جېلىليۈزى ناھىيەسى ۋە ئەتراپىدىكى ھەرقايسى يېزىلاردا بولدى. ئاق ئۆستەڭ بويىدىكى ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقانلارنىڭ سويغان قويلىرىغا داخىل بولدى. كېيىن غۇلجىدىن ئايرىلىپ، قورغاس، جىڭ، ساۋەن، بورتالا قاتارلىق ناھىيەلەردە ئويۇن قويۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

كۈرەش ئويۇن قويۇپ نەگىلا بارسۇن، خەلق تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. ناخشىلىرىنى سۆيۈپ ئاڭلىدى. «ئەركەك سۇ»، «ئەمەلدار»، «چالا تەگكەن ئوق»، «سۇلايمان گۇۋاھ» قاتارلىق ناخشىلار خەلقنىڭ قەلبىگە ئوت ياقتى، زال قىيقاس ـ چۇقانلارغا، چاۋاك سادالىرىغا تولدى. خەلقنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىدىن قورققان ساقچىلار ئاخىرى يۇپۇرغا ناھىيەسىدە كۈرەشكە قول سالدى. يۇپۇرغىدا ئويۇن قويۇلغان كۈنى زالدا 30 دىن ئارتۇق

ساقچى بار ئىدى. ئۇلار تەرتىپ ساقلاش نامى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئەتىسى ساقچىلار كۈرەشنى چۈشكەن ياتىقىدىن ساقچىخانىغا ئەكەتتى. ساقچى باشلىقى كۈرەشكە قولغا ئېلىش تەھتىدىنى سالدى. بىرقانچە سائەت سوئال - سوراق قىلدى، ئاخىرى پىكىردە مات بولۇپ، كۈرەشنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1995 - يىلى باھار ئايلىرىدا كۈرەشنىڭ تۆتىنچى ناخشا لېنتىسى «ئەركەك سۇ» نامىدا نەشىردىن چىقتى. بۇنىڭغا «ئەركەك سۇ» ، «ئەمەلدار» ، «نېمە» ، «تۇرمۇش» ، «ھەيكەل» ، «ھەسەتخور» ، «ساختا ئاداش» ، «بەندە» ، «ئىت مىجەزلەر» ، «بۋاپا» ، «يەرنى ساتماڭلار» قاتارلىق 11 ناخشا كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ ناخشا لېنتىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ئالاھىدە زور بولدى. بولۇپمۇ «ئەركەك سۇ» ، «ھەيكەل» ، «يەرنى ساتماڭلار» قاتارلىق ناخشىلار كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. كۈرەش 5 - ئايدىن باشلاپ يەنە يازلىق ئويۇن قويۇش تەييارلىقىنى قىلدى. بىراق بۇ قېتىم كۈرەشنىڭ ئويۇن قويۇش تەستىقىنى ئېلىشى ئانچە ئاسانغا توختىمىدى. قاتمۇ - قات تەكشۈرۈش ۋە بەھۇدە ساقلىتىشلاردىن كېيىن تەستىق قەغىزىنى ئاران قولغا ئالدى.

بۇ قېتىم ئابلىكىم كەلكۈن باشچىلىقىدىكى ئاتۇش

سەنئەت ئۆمكى بىلەن بىرلىكتە ئويۇن قويۇش كېلىشىمى تۈزۈلدى. ئويۇن ئاتۇشتىن باشلىنىپ، خوتەن، قەشقەرلەرنى ئايلىنىپ، كۇچاغا كەلدى. ئۇلار كۇچادىكى ئويۇن قويۇش ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كۇچادىن غۇلجىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە كەتمەكچى ئىدى. ئۇلار غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ كۈنلۈك ئويۇنغا بىراقلا ئېلان چىقاردى. بىرىنچى كۈنى نورمال ئويۇن قويۇلدى. ئەمما ئىككىنچى كۈنى ئەھۋال ئۆزگەردى. ئۈرۈمچى مەدەنىيەت نازارىتىدىن كەلگەن ئىككى كىشى ئويۇن قويۇشنى بىكار قىلدى. ئەگەر نارازى بولۇپ، داۋاملىق ئويۇن قويۇشتا چىڭ تۇرسا قولغا ئېلىنىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. غۇلجا شەھىرىدە ئويۇن قويۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن جېلىلىيۈزى ناھىيىسىگە تەۋە يېزىلاردا ئويۇن قويماقچى بولدى. ئەمما بىر مەيدان ئويۇندىن كېيىن ئۇ يەردىمۇ توختىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز قالغان ئۆمەك تارقاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. كۆرەش غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتتى. كۆرەش ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مەدەنىيەت نازارىتىدىن بىر قىزىلباشلىق ھۆججەت چۈشتى. ھۆججەتتە كۆرەشنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بار يەردە سۆزلىشى ۋە ناخشا ئېيتىشى مەنىي قىلىنغانىدى.

# يەرنى ساتماڭلار

«يەرنى ساتماڭلار» كۆرەشنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ناخشىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1993 ـ يىلى يېزىلغانىدى. ئۇ يىللاردا كۆرەش «كۆسەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت شىركىتى» نامدا شىركەت قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىش باشلىغان يىللار ئىدى. شىركەتنىڭ نامىدا كىتاپ نەشىر قىلىش، ئۈنئالغۇ لېنتىسى چىقىرىش ۋە ئويۇن قويۇش قاتارلىق بىر قىسىم مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئېلىپ بېرىلاتتى. شىركەتنىڭ يەنە بىر هەمكارلاشقۇچىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى بولۇپ، كۆرەش رېداكسىيەنىڭ بىر خادىمى سۈپىتىدە شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىنى ئۆتەيتتى. بۇ يىلى «كۆسەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت شىركىتى» 30 پارە قۇرئاننىڭ قىرائىتىنى جىددىي ئىشلەۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىگە ئالدىن زاكاس تېپىش ئۈچۈن كۆرەش تۇرپانغا بارىدۇ. كۆرەش تۇرپاندىكى ۋاقتىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر دېهقانلىرىنىڭ

يەرلىرىنى، ئۈزۈمزارلىقلىرىنى ئىچكىرىدىن چىققان خىتاي سودىگەرلىرىگە 50 يىللىق، 100 يىللىق مۇددەت بىلەن سېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. كۆرەش بۇ ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالىدۇ. ئەمما كېيىن يەرلىرىنى ساتقان شۇ دېھقانلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ھەسرەتتىن يۈرەكلىرى پۇچۇلىنىدۇ. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ، «يەرنى ساتماڭلار» ناملىق بۇ تېكىستنى يېزىپ چىقىدۇ.

*يەر ئاتا، يەر ئانا، يەر ئەجدادلار مىراسى،*
*يەر ئۇلۇغ، يەر بۈيۈك، يەر ھاياتنىڭ مەنبەسى.*
*دېھقان ئاكا، ئىلتىماسىم يەرنى ساتماڭلار!*
*دېھقان ئاكا، ئىلتىماسىم يەرنى ساتماڭلار!*

*ئەجدادلار يېرى بۇ سېنىڭ ھەققىڭ يوق،*
*ياكى بىر مۆجىزە ياراتقىنىڭ يوق.*
*ئەتىدىن كەچكىچە يەر بىلەن بولدۇڭ،*
*گالغا يوق ئۇچاڭغا يا ئارتقىنىڭ يوق.*

*ئۇزۇندىن بىر نانغا زار بولۇپ كەلدىڭ،*
*ئۆيۈڭمۇ يوق تېخى خىش بىلەن سالغان.*

قىشۇ – ياز يېرىڭدە يۇرۇسەن هامان،
بۇ جاپا – مۇشەققەت كىملەردىن قالغان؟

بۇ پۇرسەت ساڭا خاس يەر دېگەن بايلىق،
هەر يوغان سۆزلىگەن ئامبالمۇ چاغلىق.
بىر ئوبدان يېرىڭنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
بولمىسۇن ماكانىڭ ئاخىرى سايلىق.

يەر سېتىپ يانچۇقنى تولدۇرماقچىمۇ؟
بوۋاڭنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەكچىمۇ؟
ئەۋلادقا قالغۇدەك مال ـ بىساتىڭ يوق،
دەردىڭگە دەرت قوشۇپ قالدۇرماقچىمۇ؟

يەر ئاتا، يەر ئانا، يەر ئەجدادلار مىراسى،
يەر ئۇلۇغ، يەر بۈيۈك، يەر هاياتىڭ مەنبەسى.
دېهقان ئاكا، ئىلتىماسىم يەرنى ساتماڭلا.
دېهقان ئاكا، ئىلتىماسىم يەرنى ساتماڭلا.

بۇ تېكىست مۇزىكىغا سېلىنىپ، 1994 ـ يىلى ۋە 1995 ـ يىلى سەھنىلەردە كەڭ ئېيتىلىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. كېيىن «ئەركەك سۇ» نامدىكى ناخشا لېنتىسىغا قوشۇپ ئېلان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىچكىرىدىن چىققان خىتاي سودىگەرلىرىگە يەرلىرىنى سېتىشى 1990 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، تېخى يېڭىدىن باشلانغان مەزگىللەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېدىكلەر يەنىلا ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە قولى قىسقا، يۇۋاش دېھقانلار بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ يەمچۈكىگە ئايلانغانىدى. بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىنى سەزگەن كۈرەش «يەرنى ساتماڭلار» ناملىق ناخشىسى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتا بولدۇ. بىراق كۈرەشنىڭ بۇ تەشەببۇسى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ياقمايدۇ. گەرچە كۈرەش بۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەت تەرەپتىن رەسمىي كونترول ئاستىغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاستىرتتىن كۆزىتىلمەكتە ئىدى. كۈرەشنىڭ «يەرنى ساتماڭلار» ناملىق ناخشىسى ئەينى چاغدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كۆچمەنلىرىگە يارىتىپ بېرىۋاتقان ئەۋزەللىكىنى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سادىلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

كۈرەش شىۋىتسىيەگە كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن چەت ئەل ئاخباراتلىرىنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئىجادىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى. كۈرەشنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىچىدە چەت ئەل ئاخباراتچىلىرىنى بەكرەك جەلپ قىلغىنى يەنىلا «يەرنى ساتماڭلار» ناخشىسى ئىدى. بۇ ناخشا تېكىستى 2004 - يىلى «نېۋ يورك تايمىس»

گېزىتىدە كۆرەشىنىڭ ھاياتى بىلەن بىرگە تونۇشتۇرۇلدى. شۇ يىلى يەنە «ئەركىن مۇزىكا» ناملىق ئورگان تەرىپىدىن تۇنۇشتۇرۇلدى. 2010 ـ يىلى شۋېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ناخشا ـ مۇزىكانتلار ھەققىدىكى «شۋېتسىيە ۋىسئاركىۋ» ناملىق كىتابتا تونۇشتۇرۇلدى.

# چەت ئەلگە سەپەر

شۇ كۈنلەردە كۈرەشنىڭ كۈنى تەس بولۇۋاتاتتى. ئويۇن قويۇشتىن قايتىپ كېلىپلا، ساقچىلارنىڭ قاتتىق تەقىب قىلىشىغا ئۇچرىدى. خالىغانچە بىر يەرلەرگە بېرىشى چەكلەندى. كېيىنكى كۈنلەردە بىرقانچە قېتىم ساقچىخانىغا چاقىرتىلىپ، سوراق قىلىندى، ھەتتا ئۇن كۈنلەپ قاماپ قويۇلدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يول مېڭىشلىرى ۋە كاپالەت پۇل بېرىشى بىلەن ئۇرۇمچىدىن سىرتقا چىقماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلدى. «كۈسەن مەدەنىيەت - سەنئەت شىركىتى» تاقىۋېتىلدى. ساقچىلارنىڭ كۈرەشنى پات - پات تۇتقۇن قىلىشى بىلەن شىركەت بىلەن «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ئارىسىغىمۇ سوغۇقچىلىق چۈشكەندى. شىركەتنىڭ ئىشىدا چۈشەندۈرۈشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بولسىمۇ، ئەمما ساقچىلارنىڭ قول تىقىشى بىلەن بۇ ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى.

كۈرەشنىڭ ئاخىرى بۇ يۇرتتا ياشاۋېرىشكە كۆزى

يەتمەدى. ساقچىلارنىڭ ھامىنى بىر كۈنى تۇتقۇن قىلىدىغانلىقى ئېنىقلا تۇراتتى. بىراق بۇ يەردىن ئايرىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاسپورتىنى ساقچىلار ئاللىقاچان تارتىۋالغانىدى. دۇنيادا يەنىلا ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئىنسانلار كۆپ. كۈرەشنىڭ بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان كۈلپەتلەرنى خۇدا ئالدىن بىلىپ، ياردەمگە ئادەم ئەۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ياردەم قىلىۋاتقانلار ئۇنىڭ پاسپورتىنى توغرىلاپ، چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ھەممە ئىشلار شۇنچىلىك مەخپىي بولۇۋاتاتتى. مېڭىشقا ئاز قالغانچە كۈرەشنىڭ ئۇيقۇسىمۇ بۇزۇلغانىدى. قاچان ماڭىدىغانلىقىنى ئۆيىدىكىلەرگىمۇ دېيەلمەيۋاتاتتى.

سېنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كۈرەش ئاخىرى يولغا چىقتى. بېيجىڭ ئايرودرومىدىن ساق - سالامەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلسىلا بۇ زۇلمەت باسقان بۇ تۇپراقتىن ئايرىلىپ ئەركىن نەپەس ئېلىشقا، ئەركىن تىنىشقا مۇمكىنچىلىك بولاتتى. بىراق زۇلمەت باسقان بۇ تۇپراق ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنى ئىدى. ئۇ قاچانلاردا بۇ تۇپراققا قايتا قەدەم ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت، ئېچىنىش، ئۈمىدسىزلىك، ۋاز كېچىش، ئىنتىلىش، سېغىنىش، ئىشقىلىپ، ئىنساندا بولىدىغان بارلىق تۇيغۇلار ئۇنى ئارىغا ئالغانىدى. ئۇ كاللىسىغا

پاتمايۋاتقان بۇ خياللاردىن نىرى بولۇشنى ئۈيلىسمۇ، ئەمما بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇرۇپلا بوغۇزىغا يىغا قاپلىشىپ قالاتتى. ئۇ تېخى ئۆرۈمچى ئايرودرومىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپلا بۇ ئەزىز تۇپراقنى، قېرىنداشلىرىنى، دوستلىرىنى، ئىشقلىپ ھەممە نەرسىنى سېغىنىشقا باشلىغانىدى. ئۆزىنىڭ بۇ تۇپراقنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئۇلار ئەسلى ئۆرۈمچىدىن بېيجىڭغا كېلىپلا، پىلان قىلغان دۆلەتكە ماڭماقچىدى. بىراق ھاۋا رايى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن ئايرۇپىلان ئەتىسى ئەتىگەنگە كېچىكتۈرۈلگەنىدى. گەرچە بۇ بىر كېچە بولسىمۇ، بۇ بىر كېچىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى. تارىختا بىر كېچىدە تالاي قەھرىمانلار ئۆلتۈرۈلگەن، تالاي دېكتاتۇرلار گۇمران بولغان، تالاي ھاكىمىيەتلەر ئالماشقان ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇ كېچىدە نېمە مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەيتتى.

ئۆرۈمچىدە ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئەنسىرەش ئىچىدە ئولتۇراتتى. بىر يەرگە بارسا دەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن كۆرەش بۈگۈن ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتكەنىدى. ھەتتا داۋاملىق يېنىدىن ئايرىمايدىغان چاقىرغۇسىمۇ ئۆيدە تۇراتتى. چاقىرغۇچى نامەلۇم تېلېفون نومۇرلىرى بىلەن تولۇپ

كەتكەندى. سىڭىللىرى بۇ تېلېفونلارنىڭ بەزىلىرىگە تېلېفون ياندۇرۇپ سىناپ باقتى. ئەمما جاۋابىنى ئالالمىدى. كەچتە ساقچىلارنىڭ ئۆيگە ئىزدەپ كىرىشى بىلەنلا بۇ تېلېفونلارنى ساقچىلارنىڭ ئۇرغانلىقىنى بىلدى. قېرىنداشلىرى گەرچە كۈرەشنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ساقچىلارغا كۈرەشنى بىر سائەت ئىلگىرى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى دېدى. بىراق ئۇلار ئۆزلىرى كۈرەشنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي ئەنسىرىشىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى كۈرەشمۇ، قېرىنداشلىرىمۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۈرەش ئايرىپورتتا ئايرۇپىلان ۋاقتىنى كۈتۈپ تىت - تىت بولسا، قېرىنداشلىرى كۈرەشنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولاتتى.

ئەتىسى يېرىم كېچىدە تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى. كۈرەشنىڭ خەۋىرىنى بىلەلمەي ئۆز گۆشلىرىنى ئۆزلىرى يېگۇدەك بولۇپ ئولتۇرغان سىڭىللىرى تېلېفوننى ئالدى. تېلېفوندىن سوزۇپ ئېيتىلغان سۆزۈك ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

- ۋەي، ۋەي - تېلېفون ئالغان سىڭلىسى جىددىيلىشىپ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى، يەنە بىر سىڭلىسى تۇرۇپكىنى ئېلىپ، قۇلۇقىغا تۇتتى:

ـ ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ! ۋەي، ۋەي... ئاكامۇ؟

ـ مەن كۆرەش.

ـ ئاكا، سەن نەدە؟

ـ مەن ئىستانبۇلدا.

ـ راستمۇ؟

ـ ئاڭلا، ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلا.

بۇ ئىستانبۇل ئاسمىنىدا ياڭراۋاتقان خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى. كۆرەشنىڭ ئۆيىدىكىلەر تېلېفوندىن كۆرەشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نەچچە كۈندىن ئورنى تاپالماي قالغان يۈرەكلىرى جايىغا چۈشتى.

## قىرغىزىستاندىكى كۈنلەر

كـۈرەش ئەتىسـى بىيجىڭدىن ئىسـتانبۇلغا ئەمـەس، بەلكى تاشـكەنتكە ئۇچتى. پاسـپورتىدا ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ۋىزىسـى قويۇلغـان بولـۇپ، ئەسـلىدىكى پىلانـدا ئىسـتانبۇلغا ئۇچـۇش ئىـدى. لېكىـن ئىسـتانبۇلغا ئۇچىدىغـان ئايروپـىلان بىـر كـۈن كېچىككەنلىكـى ئۈچـۈن، ھـەر ئېھتىمالغـا قارشـى دەرھـال ئىسـتانبۇلنىڭ بېلىتىنـى ئەمەلدىـن قالـدۇرۇپ، تاشـكەنتكە بېلـەت ئالغانـدى. تاشـكەنتتە ئـۇزۇن تۇرمـاي شـۇ كۈنىنـىڭ بېلىتىنـى ئېلىـپ، ئىسـتانبۇلغا يېتىـپ بـاردى.

كـۈرەش ئىسـتانبۇلدا 1996 ـ يىلىنىـڭ ئاخىرغىچـە تـۇردى. كـۈرەش ئىسـتانبۇلغا كەلگەن مەزگىللـەر، تۈركىيەنىڭ ئىقتىسـادى تېخـى يۈكسـەلمىگەن، تەرەققىياتـى ھازىرقىدىـن ناچـارراق مەزگىللـەر بولـۇپ، كۆپىنچـە ئائىلىلـەر سـىرىتقتال تۇرمـۇش كەچۈرەتتـى. جەمئىيەتتـە ئىشسـىزلىق نىسـبىتى ناھايىتـى يۇقـرى بولـۇپ، ئـىش تاپماقمۇ بـەك قىيىـن ئىدى. كـۈرەش تۈركىيـەدە بىـر يىلدىـن ئارتـۇق ياشـاش جەريانىـدا

ئۆزىنىڭ تۈركىيەگە ئانچە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تۈركىيەدىكى ۋاقتىدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئۆمۈر قىلىپ كەلدى. يات تۇپراق، يات كىشىلەر، يات ھاۋا، ھەممە نەرسە كۈرەشكە يات بىلىنەتتى. ھەممە يات نەرسىلەر كۈرەشنى يەكلىگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىللەردە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرى ناھايىتى جانلانغان بولۇپ، ۋەتەندىن چىققان نۇرغۇن ياشلار ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقاندى. كۈرەشنىڭ ۋەتەن بىلەن تۇپراقتىمۇ، ھاۋادىمۇ چېگرىداش بولغان مۇشۇ دۆلەتلەرگە كېتىپ، سىياسىي سەھنىلەردە ئاكتىپ پائالىيەت قىلغۇسى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن خەلقنى يېتەكلىگۈسى بار ئىدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى نىغمەت بوساقوۋ ئىستانبۇلغا كۈرەشنى ئىزدەپ كەلدى. نىغمەت بوساقوۋ قىرغىستاندىكى داڭلىق بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، قىرغىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە نامى بار كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ تەسىرى يالغۇز قىرغىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قىرغىزلار ئارىسىدىمۇ زور ئىدى. ئۇ قىرغىزىستاندىكى سىياسىي رەھبەرلەر بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى.

نىغمەت بوساقوۋنىڭ بۇ تەكلىپى كۈرەشكە ياغدەك ياقتى. كۈرەش نىغمەت بوساقوۋ بىلەن بىرلىكتە 1996

ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەككە كەلدى. قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللاردىكى ئالاھىدىلىكىنى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، كۆپىنچىلىرى مېھماندوس، سەنئەتخۇمار ۋە ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى. كۈرەش بىشكەكتە ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتى ۋە سۆزمەنلىكى بىلەن قىسقا ۋاقىتتىلا ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە شۆھرەت قازاندى. توي ـ تۆكۈن ۋە سورۇنلار كۈرەشسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. ھەتتا ئەل جامائەت ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشانغان بوۋاي ۋە مومايلار ئارىسىدا بىزنىڭ ئەخمەتجان قاسىم، دەيدىغان شەرەپلىك سۆزلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ كۈرەشكە بىلدۈرگەن چەكسىز ھۆرمىتى ئىدى.

كۈرەش قىرغىزىستاندىكى چاغلىرىدا بىر تەرەپتىن قىرغىزىستان ئىتتىپاق جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «ۋىژدان ئاۋازى»، «ئىتتىپاق گېزىتى» دە ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنى مەشرەپلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تارىخىنى تونۇشتۇردى. ياشلارنىڭ ئېڭىدا ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى بەرپا قىلدى. كۈرەشنىڭ قىرغىزىستاندىكى بۇ ئاكتىپ ئاپالىيەتلىرى خىتاينى بىئارام قىلىپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە بېسىم پەيدا قىلدى. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى تېخى يېڭىدىن

مۇستەقىل بولغان ئاجىز دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن قىرغىز ساقچىلىرى كۈرەشنى تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى. كۈرەش تۈرمىدىكى ۋاقتىدا قىرغىزىستاندىكى بوۋاي، مومايلار كۈرەشنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئالدىدا بىر قانچە قېتىم نامايىش قىلدى.

كۈرەش تۈرمىدە دەل 9 ئاي ياتتى. بىر تەرەپتىن قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېسىمى، يەنە بىر تەرەپتىن كۈرەشنىڭ ھېچقانداق گۇناھىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن قىرغىزىستان ساقچىلىرى كۈرەشنى كېيىن قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

كۈرەش تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قازاقىستان ئالماتاغا بېرىپ، ياشلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ يەردە ياشلارنى تەشكىللەپ، تارقاق ھالەتتە پائالىيەت قىلىۋاتقان ياشلارنى بىر ئورگان ئاستىغا ئۇيۇشتۇردى. كۈرەشنىڭ يېتەكچىلىكىدە قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى جەمئىيىتى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ جەمئىيەت قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇپ چىقىلغان بىردىنبىر جەمئىيەت بولۇپ، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلاتتى. بۇ جەمئىيەتنىڭ

پائالىيەتلىرى ئالماتانىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەممە مەھەللەرگە تارقالغان بولۇپ، ئالماتادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش، ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىجابىي روللارنى ئوينىغانىدى.

## ئېسكىلستۇناغا ماكانلىشىش

بۇ مەزگىللەردە قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاننىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بۇ دۆلەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەت بەربات بولغان سوتسىيالىستىك ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، خەلقنىڭ قورسىقىمۇ، مەنىۋىيىتىمۇ ئېچىرقاپ كەتكەنىدى. جەمئىيەت بىخەتەرلىكىنى يوقاتقان بولۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ يالاقچىلىرى ناھايىتى ئەرزان باھا بىلەن ئاكتىپ ھەرىكەتتە ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئاكتىپلار ھەرزامان يوشۇرۇن تەھدىتلەر ئاستىدا ياشايتتى. قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قورقماس ئاقساقاللىرىدىن بىرى بولغان نىغمەت بوساقوۋ، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەركىلىرىدىن بولغان ھاشىر ۋاھىدى، سابىت ئۇيغۇرى، دىلبىرىم سامساقوۋا، ئۆزبېكىستان

ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلامچىسى، يازغۇچى ئىمىن ئۇسمانلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كىملىكى نامەلۇم بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى بۇ دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ساراسىمىگە چۈشۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالماتادا، قازاقىستان ساقچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قوراللىق توقۇنۇش ئۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

كۆرەش قىرغىزىستانغا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ دۆلەتلەردە ياشاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بىرتالاي ئىشلار، بۇ خىيالنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. شۇڭا ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار مەھكىمىسىنىڭ قىرغىزىستان شۆبىسىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە كېتىش خىيالىغا كەلدى. ئۇ قىرغىزىستاندا مۇساپىرلىق ئىلتىماسىنى سۇنغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە كۆپىنچە پائالىيىتى قازاقىستاندا بولدى. كۆرەشنىڭ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەسىرىمۇ زور ئىدى. كۆرەشنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە كۆپرەك قازاقىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرەشنىڭ پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇشىدىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن قازاقىستاننىڭ

ئەھۋالى قىرغىزىستانغا قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى ئىدى. بېشكەكتىكىگە قارىغاندا ئالماتادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەندىكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ دوس بولۇپ ئۆتكەن سەپداشلىرىدىن ئابلىمىت تۇرسۇنمۇ ئالماتادا بولۇپ، ۋەتەن دەردىدە ئىچى پۇشقان چاغلىرىدا، ھال ـ مۇڭ بولۇپ، ھەسرەتلىرىگە تەسەللى بولالايتتى.

1999 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا كۈرەش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار مەھكىمىسىدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇچۇردا كۈرەشنىڭ شىۋېتسىيەگە يولغا سېلىنىدىغانلىقى بېزىلغانىدى. كۈرەش بۇ ئۇچۇردىن خوش بولدى، بىراق كۈرەشنىڭ كۆڭلى ئامېرىكىغا بېرىشنى خالايتتى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار مەھكىمىسىگە كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئامېرىكىغا بارسام دېگەن ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئارزۇ پەقەت ئارزۇ، تەقدىرنىڭ چاقى ئارزۇ سۈيىدە چۆگىلىمەيتتى. كۈرەش 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىۋېتسىيەگە كەلدى. ئۇ شىۋېتسىيەگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا شىۋېتسىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسى ستوكھولمنىڭ 100 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئېسكىلىستۇنا شەھرىدە ئۆي ھازىرلاپ، توڭلاتقۇسىغا كېرەكلىك يېمەكلىكلەرنى تولدۇرۇپ قويغانىدى. كۈرەش بۇ يەرگە كېلىپ

قۇياشنىڭ داۋاملىق شەرقتىنلا، ئەمەس، بەلكى غەربتىنمۇ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

## شىۋىتسىيە تېلېۋىزىيەسىدە

كۆرەشنىڭ شىۋىتسىيەدىكى ھاياتى تىل مەكتىپى بىلەن باشلاندى. شىۋىتسىيەگە كەلگەن ھەرقانداق كۆچمەنلەر ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئېچىلغان شىۋىت تىلى مەكتىپىدە خاتىرجەم ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. شىۋىت تىلىنىڭ باشلانغۇچ سەۋىيىسى «ئا» دىن «د» غىچە تۆت باسقۇچقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنى مۇۋاپىقىيەتلىك تاملىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەكتەپتىكى ئۆگىنىشكە مەسلىھەت بېرىش خادىملىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن كەسپىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ، تېزرەك خىزمەتكە چىقاتتى. بۇ ئاسانراق يول بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇغان كەسپىگە ئاساسەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئىشقا تونۇشتۇرۇلاتتى. ئەگەر يوقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشنى خالايدىغانلار بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى تىل مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيتتى. بۇ «ئا»، «ب»، «س» دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن بولۇپ،

بۇ دەرىجىدىكى تىل ئۆتكۆلىدىن ئۆتكەنلەر ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. ئەگە ئۆز يۇرتىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار بولسا، دىپلومىنى شىۋېتسىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كەسپىي ساھەسى بويىچە كېرەكلىك بىر قىسىم دەرسلەر بويىچە تولۇقلاش ئېلىپ بارسىلا بولاتتى. ئونىۋېرسىتېتنىڭ پۈتۈن دەرسلىرىنى قايتا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

كۆرەش تىل مەكتىپىگە كىرىپ، شىۋېت تىلىدىن ئازراق ساۋادىنى چىقىرىپلا، بىر تەرەپتىن ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتلەردە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىنىڭ بىرى ئالىي مۆللېر باشچىلىقىدىكى «دۇنيا مۇزىكا ئوركېستىرى» ئىدى.

كۆرەش دەسلەپكى مەزگىللەردە ئېسكىلىستۇنادا چىقىدىغان «ئېكسىلستۇنا كۇرىر» گېزىتىدە بىر قانچە قېتىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ گېزىت ئارقىلىق كۆرەشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن خەۋەر تاپقان شىۋېتسىيە تېلېۋىزىيەسىنىڭ خەۋەر ئىشلىگۈچىسى ئۇلۇف كارىستېن كۆرەشنىڭ ھاياتىغا ۋە ئۇيغۇرلارغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆرەشنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەرنى

سۈرەتكە ئالدى.

2002 ـ يىلى يازدا كۈرەش ئېسكىلستۇنادا «ئۇيغۇر كېچىسى» نامدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي چىقىمىنى ئېسكىلستۇنا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى. پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق مەدەنىيىتىدىن تارتىپ، سىياسىي ھاياتىغىچە بولغان كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. پائالىيەتتە كۈرەش ئۇيغۇرچە مۇزىكىلار بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. پائالىيەتكە شىۋېتسىيەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم مەدەنىيەت پائالىيەتچىلىرىدىن سىرت، بىر قىسىم سىياسىي ئەربابلار ۋە مۇخبىرلار قاتناشتى. پائالىيەتنىڭ بارلىق جەريانى شىۋېتسىيە تېلېۋىزىيىسى 1 ـ قانىلى تەرىپىدىن تولۇق سۈرەتكە ئېلىندى. ئەتىسىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر كېچىسى» پائالىيىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەر شىۋېتسىيەدىكى ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

شىۋېتسىيە تېلېۋىزىيىسى 1 ـ قانىلىنىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى ئۇلۇف كارىستېن تاكى 2003 ـ يىلى باھار ئايلىرىغىچە كۈرەش ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماتېرىيال توپلىدى. فىلىم 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

شۋېتسىيە تېلېۋىزىيىسىنىڭ 1 ـ قانىلىدا رەسمىي تارقىتىلدى. كۈرەشنىڭ هاياتى ھەققىدە ئىشلەنگەن بۇ فىلىم يېرىم سائەت ئەتراپىدا بولۇپ، تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ «يېڭى شۋېتسىيە» نامىدىكى پروگراممىسىنىڭ تۈنجى سانى سۈپىتىدە قويۇلغانىدى. فىلىمدە ئاساسەن كۈرەشنىڭ شۋېتسىيەدىكى هاياتى ئاساسىدا، كۈرەشنىڭ تىلى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتى يورۇتۇلۇپ بېرىلگەنىدى ھەم ئۇنىڭغا تېلېۋىزىيە ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سىن كۆرۈنۈشلىرى قىستۇرما قىلىنغانىدى. بۇ فىلىمنىڭ شۋېتسىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيىسىنىڭ 1 ـ قانىلىدا قويۇلىشى شۋېتسىيەدە ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. گەرچە بۇ مەزگىللەردە شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى سانى 100 گە يەتمىسىمۇ، ئەمما شۋېتسىيەدە شۋېتلار بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شۋېت خەلقىگە كەڭ كۆلەمدە نامايان قىلىپ بەرگەنىدى.

## ئالپ مۆللېر ۋە «دۇنيا مۇزىكا ئورکېستىرى»

ئالپ مۆللېر شىۋېتسىيەنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى بولۇپ، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا «دۇنيا مۇزىكا ئورکېستىرى» بار ئىدى. «دۇنيا مۇزىكا ئورکېستىرى»نىڭ تەرکىبىدە گىرتسىيە، سېنىگال، کانادا، مېکسىکا قاتارلىق دۆلەتلەردىن کەلگەن بىر گۇرۇپ مۇزىکانت ۋە ناخشىچىلار بار ئىدى. ئالپ مۆللېر كۆرەش بىلەن ئۇچراشقاندىن کېيىن، كۆرەشتىكى مۇزىکا ۋە ناخشا تالانتىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىغا تەکلىپ قىلدۇ. ئالپ مۆللېرنىڭ تەکلىپىنى كۆرەش خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇ. گەرچە بۇ ۋاقىتتا كۆرەش تېخى شىۋېت تىلىنى تۈزۈك بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشىپ بولغانىدى. گەرچە ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئالاقە تىلىدا پىكىرلىشەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تۇيغۇ ۋە سەنئەت تىلى بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. سەنئەت ئەمەلىيەتتە تەبئىي قەلب تىلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى تۇيغۇ بىلەن

چۈشىنىشكە ئېلىپ باراتتى.

كۈرەشنىڭ مۇزىكا ۋە سەنئەتتىكى تالانتى ۋە سەزگۈرلىكى گۈرۈپپىدىكىلەرنى خوشال قىلغانىدى. كۈرەش باشقا مىللەتنىڭ مۇزىكا ۋە ناخشىلىرىنى بىر ئاڭلاپلا نوتىسى يوق ئەھۋالدىمۇ قايتا چېلىپ بېرەلەيتتى. ئادەتتە بۇ گۈرۈپپىدىكىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى چالىدىغان بولۇپ، ئەمدى بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۇيغۇرچە ناخشا، مۇزىكا ۋە سازمۇ قوشۇلغانىدى. كۈرەشنىڭ گۈرۈپپىدىكى ۋەزىپىسى باشقىلارغا ئۇيغۇرچە مۇزىكىلارنى ئۆگىتىش ۋە باشقا مىللەت ناخشا - مۇزىكىلىرىغا دۇتارنى تەڭكەش قىلىش ئىدى. ئۇلار 2003 - يىلى شۋېتسىيەنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئويۇن قويدى. لۇند شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ناخشا - مۇزىكا فېستىۋالىغا قاتناشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۈرەشنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا سەپداشلىرىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرچە ناخشىلار ئورۇندالدى. ئۇلار نەگە بېرىپ ئويۇن قويمىسۇن، كۈرەشنىڭ ئورۇندىشىدا بىردىن ئۇيغۇرچە ناخشا ئورۇندىلاتتى. ئۇلار كۈرەش تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان «ئاتلاندۇق» ناملىق ناخشىنى ناھايىتى جۇشقۇن ئاھاڭ بىلەن ئاكورتلاشتۇرۇپ چىققان بولۇپ، ناخشىنىڭ باشلىنىشى دۇتار بىلەن ئاساسى قىسمى غەرب چالغۇلىرى بىلەن ئورۇندىلاتتى.

## ئاتلاندۇق

سۇلتان بولۇپ خان ئۆتكەن
ئۇيغۇرۇم سەن جاھاندا،
ئالەم شاھىت بولغانتى،
سەن تارىخنى يازغاندا.

دوست دىگەنلەر ئاتتى مۇش،
ئىنساپ بارمۇ شەيتاندا؟
خان جەمەتى ئۇيغۇر بىز،
ئەسىر ئاتلاپ ماڭغاندا.

ئاتلاندۇق بىز بۈگۈن ئۇلۇغ بىر بۈيۈك جەڭگە،
ئاڭلانسۇن جەڭگىۋار مارشىمىز بۇ ئالەمگە،
ئاتلاندۇق بىز بۈگۈن ئۇلۇغ بىر بۈيۈك جەڭگە،
ئاڭلانسۇن جەڭگىۋار مارشىمىز بۇ ئالەمگە.

ئەركىنلىك مەشلى يانسۇن ھەر يەردە،
ئەركىنلىك مەشلى يانسۇن ھەر يەردە.

سۇلتان بۇلۇپ خان ئوتكەن
ئۇيغۇرۇم سەن جاھاندا.

ئوغۇزخانلار قۇدرىتى
دۇنيانى بىر ئالغاندا.

بۇغراخانلار شەۋكىتى
ئالەمگە تارالغاندا،
خان جەمەتى ئۇيغۇر بىز،
ئەسىر ئاتلاپ ماڭغاندا.

ئاتلاندۇق بىز بۈگۈن ئۇلۇغ بىر بۈيۈك جەڭگە،
ئاڭلانسۇن جەڭگىۋار مارشىمىز بۇ ئالەمگە،
ئاتلاندۇق بىز بۈگۈن ئۇلۇغ بىر بۈيۈك جەڭگە،
ئاڭلانسۇن جەڭگىۋار مارشىمىز بۇ ئالەمگە.
ئەركىنلىك مەشىلى يانسۇن ھەر يەردە،
يانسۇن ھەر يەردە.

2004 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر كۈنى خان جەمەتىگە تەۋە تىياتىرخانىدا شۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاننا لىندىنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بىر يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇراسىمى بولدۇ. بۇ مۇراسىمغا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەۋە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى قاتناشقاندىن سىرت شۋېتسىيە خان

جەمەتى، شۋېتسىيەنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە شۋېتسىيەدە تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرى قاتنىشىدۇ. بۇ مۇراسىمنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى ئالىي مۆللىبېر باشچىلىقىدىكى «دۇنيا مۇزىكا ئوركېستىرى»غا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، كۈرەش بۇ ئوركېستىرنىڭ قارمىقىدا بىر قانچە قېتىم ئۇيغۇرچە كىيىملەر بىلەن سەھنىدە پەيدا بولىدۇ ۋە بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئاكورتلاشتۇرۇلغان «ئۆملۈك» ناملىق ئۇيغۇرچە ناخشىنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. مۇراسىمنىڭ پۈتۈن جەريانى شۋېتسىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيىسى 1 ـ قانىلى تەرىپىدىن نەق مەيداندىن تارقىتىلىدۇ. كۈرەش مۇراسىم ئاخىرىدىكى چاي، قەھۋە ۋە تاماق زىياپىتىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. كۈرەشنىڭ شۋېتسىيەنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارى بىلەن بىرلىكتە چوڭ مۇراسىم ۋە سەھنىلەردە پەيدا بولۇشى ۋە سەنئەت ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى كېيىنكى كۈنلەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈرەشكە قاتتىق بېسىم ئېلىپ كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

# تېلېفوندىكى جەڭ

كۈرەش قازاقىستاندىكى ۋاقتىدىلا «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇ شۇ سالاھىيىتى بىلەن بىر قىسىم خەلقئارالىق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. كۈرەش شۋېتسىيەگە كەلگەن مەزگىللەر «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» بىلەن « شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭىشى» بىرلىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نامىدا يېڭىدىن بىر تەشكىلات قۇرۇش تەشەببۇسى بولىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، كۈرەش بۇ چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ ھەم بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ بىرلىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن كۈرەش تاكى تۆگەپ كەتكۈچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

كۈرەش شۋېتسىيەدە 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ.

كۆرەشنىڭ ئەسلى پىلانى شىمالىي ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە، دانىيە ۋە فىنلاندىيەدە بىرلا ۋاقىتتا ئۇيغۇر كومىتېتى قۇرۇپ، ئوخشاش پروگرامما بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى ئىدى. بىراق بۇ مەزگىللەردە دانىيە ۋە فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلار ئانچە كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ. كۆرەشنىڭ بۇ پىلانىغا نورۋېگىيەدىن سەمەت ئابلا ۋە ئابدۇكېرىم زاھىرلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. 2004 ـ يىلى شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ستوكھولمدىكى «تۆتىنچى دۇنيا» جەمئىيىتىنىڭ يىغىن زالىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە يىغىن چاقىرىلىدۇ. يىغىنغا گېرمانىيە، نورۋېگىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن مېھمانلار ئىشتىراك قىلىدۇ. يىغىندىن كېيىن شىۋېتسىيە، نورۋېگىيە، دانىيە ۋەكىللىرى سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلى ئۇيغۇر كومىتېتى قۇرۇش ھەققىدە ئۇزۇن مۇزاكىرىدە بولىدۇ. بىراق دانىيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، پىلان يەنىلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

2004 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆرەش «غەرب شاملى» نامىدا ئونىۋېرسال ژۇرنال چىقىرىشنى پىلانلايدۇ. بىراق ژورنالنى ماقالە بىلەن تەمىنلەيدىغان زىيالىيلار قوشۇنى

تەييار ئەمەس ئىدى. ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىشىغا هەمكارلىقتا بولۇدىغان تەھرىرلەر گورۇپپىسى يوق ئىدى. ژۇرنال چىقىرىدىغانلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئۇياقتا تۇرسۇن، ژۇرنالنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇلمۇ يوق ئىدى. كۆرەش مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا «غەرب شاملى» ژۇرنىلىنى چىقىرىش ئىشىغا كىرىشىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا غەرب شاملى ئارقىلىق شەرىق شاملىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى باشلايدۇ. ماۋزېدوڭ ئەينى چاغدا، شەرىق شاملى غەرب شاملىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەنىدى. ماۋزېدوڭنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا شەرقنىڭ كوممۇنىستىك دېكتاتۇرلىقى غەربنىڭ دېموكراتىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. كۆرەشنىڭ ژۇرنالغا« غەرب شاملى» نامىنى بېرىشىمۇ ماۋزېدوڭنىڭ دەل شۇ سۆزىگە قارشى ھالدا غەرب شاملىنىڭ يەنە غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ ماۋزېدوڭ دەۋاتقان شەرىق دېكتاتۇرلۇقىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىدى. كۆرەش ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر زىياليلىرىغا بىرمۇ-بىر تېلېفون قىلىپ، ماقالە يېزىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ژورنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى قىلىپ، تەشكىللەيدۇ. بىر قىسىم ماقالىلارنى ئۆزى يازغاندىن سىرىت، كۆپىنچە ماقالىلارنى يېزىشقا ئادەم تەشكىللەيدۇ.

ژۇرنالنى چىقىرىشقا ئىقتىسادىي مەنبە بولمىغانلىقى ئۈچۈن شىۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا شارائىتى يار بەرگەن دائىرىدە ياردەم بېرىش تەشەببۇسىدا بولۇدۇ. كۆپىنچە ئىقتىسادنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىدۇ، ئاز بىر قىسمىنى قەرىز ئالىدۇ. بۇ ژۇرنال تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە داۋاملىشىپ، 4 سان چىقىرىلىدۇ. گەرچە بۇ ژۇرنال ئەينى چاغدا پەقەت 4 سان چىقىرىلىپ توختاپ قالغان بولسىمۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى. ژۇرنالدا سىدىقھاجى روزى، ئابلىكىم باقىي، ئەخمەت ئىگەم بەردى، نەبىجان تۇرسۇن، ئەخمەتجان ئوسمان، قاھار بارات قاتارلىق چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم سەرخىللىرىمىزنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ماقالىلىرى ئېلان قىلىپ، خەلقىمىزگە مەنىۋىي زوق بېغىشلىغانىدى. ژۇرنال قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن تارتىپ تاكى ئامېرىكىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە تارقىتىلىپ، ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىدىكى يېڭى بىر يۇلتۇز بولۇپ چاقنىغان ئىدى. كۈرەش پەقەت ژۇرنال بىلەنلا توختاپ قالماي يەنە، شۇ يىلى «ھۆر ئۇيغۇر» نامىدا ئىنتېرنېت رادىئوسى تەسىس قىلىپ، ئاڭلىتىش بېرىدۇ. بىرقىسىم ئۇيغۇرچە تارىخىي رومانلارنى ئۆزى ئوقۇپ تارقىتىدۇ. كۈرەشنىڭ مەيلى سىياسىي جەھەتتىكى ئاكتىپ پائالىيەتلىرى بولسۇن، مەيلى سەنئەتنى ۋاستە قىلىپ

تـۇرۇپ ئېلـىـپ بارغـان مۇجادىلىسـى بولسـۇن، ھەرقايسـى دۆلەتلەر ئارىسـىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغايدۇ. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە كـۈرەش تەرىپىدىـن ئېجـات قىلىنغـان «شـەرقى تۈركىسـتان ئىسـتىقلال مارشـى» شىۋىتسـىيەدىكى نامـى بـار ئوركېسـتىر تەرىپىدىـن ئورۇنـدىلىـپ، شىۋىتسـىيە سـۆرملاند ئۆلكىسـىنىڭ 2004 - يىللىـق مۇراسـىم مۇزىكىسـى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۈرەشىنىڭ تەسىرى يالغۇز ئۇيغـۇرلار ئارىسـىدىلا نامايـان بولۇپـلا قالمـاي، يەنـە شـىۋىتلار ئارىسـىدىمۇ نامايـان بولۇشـقا باشـلىغانىدى.

كۈرەشىنىڭ سياسـەت ۋە سـەنئەتنى ۋاسـتە قىلىپ تۇرۇپ ئېلـىـپ بارغـان مۇجادىلىلـىرى ۋە ئۇنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدە خەلـق ئارىسـىدا ياراتقـان تەسـىرى خىتـاي ھۆكۈمىتىنىـڭ ئوغىسـىنى قايناتتـى. 2005 - يىلىدىـن باشـلاپ كۈرەشـكە خىتـاي ھۆكۈمىتىنىـڭ تەھدىـد تېلېفونلىـرى ۋە ئېلخەتلىـرى كېلىشـكە باشـلايدۇ. تېلېفونىـى بەزىـدە خىتـاي زۇۋانلىقـلار ئۇرسـا، بەزىـدە ئۇيغۇرچـە بىلىدىغـان خىتايـلار ئۇرىـدۇ. ھـەر قېتىملىـق تېلېفـون سـۆھبىتىدە كـۈرەش ئۆزىنىـڭ مەيدانىنـى ئېنىـق ئىپادىلەيـدۇ، ئۇيغـۇرلار دۇچ كېلىۋاتقـان زۇلـۇم ۋە تەڭسـىزلىكلەرنى پـاش قىلىـدۇ. خىتاينىـڭ دەسـلەپكى تېلېفونلىرى بىـر قـەدەر ئىلمىي شـەكىلدە كۈرەشنى سياسـىي پائالىيـەت قىلماسـلىققا ئۈندەيـدۇ. كـۈرەش ئۇلارنىـڭ سـۆزىگە پـەرۋا قىلمىغاندىـن كېيىـن، ئۇلار بىۋاسـتە تەھدىـت بىلـەن

سىياسىي پائالىيىتىنى توختاتماقچى بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۈلارنىڭ كۈرەشكە قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا: «بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ دۇنيادا قىلالمايدىغان ھېچقانداق ئىشىمىز يوق، قولۇمىز ھەرقانداق يەرگە يېتىدۇ، ئەگەر خالىساق، خالىغان ۋاقىتىدا سېنى يىغىشتۇرالايمىز، سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمىدە ئۆلگەنلىكىڭنىمۇ بىلمەي قالىسەن. رەڭسىز، پۇراقسىز مادىللارنى تەكشۈرۈپمۇ، ئېنىقلىيالمايدۇ. ئەگەر گېپىمىزگە كۆنمىسەڭ ھاياتىڭنى بەدەل قىلىپ تۆلەيسەن» دېگەن سۆزلەرمۇ بار ئىدى. كۈرەش ھەر قېتىم تەھتىد تېلېفونى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قوياتتى. ھەتتا بىر قېتىم كەلگەن تەھتىد ئېلخېتىنى شىۋېتچىغا تەرجىمە قىلىپ، ساقچىغا بېرىدۇ.

خىتاي ساقچىلىرىدىن كېلىۋاتقان بۇ تەھتىدلەر كۈرەشنىڭ ئىرادىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر شۆبىسىنى قۇرۇش تەييارلىقلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە بېرىپ، شۇ يەردە ئۇيغۇر دەۋاسىنى قىلماقچى بولىدۇ.

كۈرەش 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ 10 توملۇق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توپلىمى چىقىرىشنى پىلان قىلغان

بولـۇپ، كۈرەشـنىڭ بـۇ پىلانىنـى ئېسكىلسـتۇنا شـەھەرلىك مەدەنىيـەت ئىدارىسـىمۇ قوللىغـان ۋە ئۇنىڭغـا مۇئاش بېكىتىپ، ئىشخانا ئاجرىتىـپ بەرگـەن ئىـدى. كـۈرەش شـۇندىن بېـرى هـەر كۈنـى شـۇ يـەردە بايـرام، دەم ئېلىـش كۈنـى دېمـەي ئىشــلەۋاتاتتى. 2006 ـ يىلـى 11 ـ ئاينىــڭ 3 ـ كۈنــى تۈركىيـەدە ئۆتكۈزۈلىدىغـان بىـر مۇزىـكا يىغىنىغـا بېرىـش ئۈچـۈن بېلەتمۇ ئېلىـپ قويغانىـدى. بىـراق بەختكـە قارشـى 2006 ـ يىلـى 10 ـ ئاينىـڭ 29 ـ كۈنـى كەچتـە ۋاپـات بولـدى.

## ماتەم

كۈرەش پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توپلىمىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. كۈرەشنىڭ ئىشخانىسى ئېسكىلىستۇنا شەھەرلىك تىياتىرخانىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سەھەر بېرىپ كەچ قايتىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداشقا تىرىشۋاتاتتى. شۇڭا دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ۋاقتى بولسىلا ئىشخانىسىغا بېرىپ ئىشلەيتتى. قاچان قايتىپ كېلىش ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىدا ئىدى. بەزىدە ئىشخانىسىدىن سۇلغۇن قايتىپ كېلەتتى. لېكىن بەزىدە قانداقتۇ بىر نەرسىدىن نارازى بولىۋاتقاندەك خاپا كۆرۈنەتتى. كۈرەش ئۆلۈپ كېتىدىغان كۈنىمۇ ناھايىتى خاپا ئىدى. بۇ 2006 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈش مەزگىلى ئىدى. داۋاملىق كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان كۈرەش ئىشىك تۈۋىدە چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گۇمان قىلىپ كېلىۋاتقان بەزى ئىشلار ئۇنىڭغا ئايان بولغاندەك

ئىدى. ئۇ ئەمدى پارتىلىمىسا، ھەقىقەتنى ئاشكارىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ شۇ كۈنى سائەت بىرلەردە ئۆيىدىن چىقىپ، ئىشخانىسىغا كەتتى، كەچ سائەت بەشلەردە قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ناھايىتى سۇلغۇن ۋە ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئادەتتە خۇشخۇي ۋە سۆزمەن كۈرەش بۈگۈن باشقىچە كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تاماق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر چىشلەم گۆشنى ئاغزىغا سالدى-دە چىرايى كۆكىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەتراپىدىكىلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەلگەندە ئۇنىڭ تىنىقى بار - يوقلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرى كۈرەشنى يەرگە تۈز ياتقۇزۇپ، نەپەسلەندۈرۈپ باقتى، ئەمما ئۆزلىرى ئويلىغان ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، ماشىنىغا سېلىپ، ئېسكىلىستونا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. كۈرەشنى تەكشۈرگەن دوختۇرلار بىردەمدىن كېيىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. دوختۇرخانا يىغا - زارىغا تولدى. ئۇنىڭغىچە كۈرەشنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار دوختۇرخانىغا يىغىلىشقا باشلىدى. ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا كۈرەشنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن گۇمانى بار ئىدى. كۆپىنچىسى كۈرەشنىڭ ئۆلۈكىنىڭ تەكشۈرۈلىشىنى

كۆتەتتى. دوختۇرلار ئەگەر كۆرەشنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قوشۇلسا، ئۆلۈكنى رەسمىي ئوپېراتسىيە قىلىپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. كۆرەشنىڭ تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ قىلىشىدىن كىملەردۇر بىئارام، كۆڭۈللىرى پاراكەندە ئىدى. بىراق كۆرەشنىڭ ئانىسى بۇنىڭغا يول قويمىدى. كۆز قارانچۇقىدەك ئەزىزلەپ چوڭ قىلغان ئوغلىدىن ئايرىلغان ئانىنىڭ يۈرىكى بۇنىڭغا چىدىمايتتى. ئانا، ياقا يۇرتتا جان ئۈزگەن ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ پارچە - پارچە بولۇشىنى خالىمايتتى. ئانىنىڭ بۇ قارارىدىن كىملەردۇر خوشال بولۇپ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ئىدى. كۆرەشنىڭ ئۆلۈمى بىردەمدىلا پۈتۈن دۇنياغا يېيىلدى. ئۇنى تونۇيدىغان، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇيغۇرلار ماتەمگە چۆمدى. بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن خوشال بولغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. سىياسىي سەھنىدە ھەقىقەتنى سۆزلەش ھامان بىركىملەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلاتتى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تەپتىشلىك سالاھىيىتى، پىكىردىكى كەسكىنلىكى سىياسىي سەپەردىكى يولداشلىرىنىڭ يوشۇرۇن ياربىلىرىغا تۇز سەپكەن ئىدى.

كۆرەش ۋاپات بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى يەرلىككە قويۇلدى. يېقىن - يىراقتىن كەلگەن يېقىن دوس - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ تاۋۇتىنىڭ ئۈستىگە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك

بايراق يېپىپ، داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. شۇ كۈنى زۇلمەت باسقان قارا كېچە تېخىمۇ قارايدى، هاۋا پەسلگە ماس كەلمىگەن هالدا سوۋۇپ، مۇزدەك قاتقان قارا تۇپراق تېخىمۇ مۇزلىدى. ئەمەلىيەتتە ئاسماندىن ساقىغان بىر چولپانغا يەرمۇ - ئاسمانمۇ ماتەم تۇتتۇۋاتاتتى. كۈرەش ئۆلدى! شۇڭا ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا ئۆزى هايات ۋاقتىدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلدى: «كۈرەش ئۆلدى دېسە كىم ئىشىنىدۇ، كۈرەشنىڭ ئۆلۈشى تەبىئى، ئەمما كۈرەش ئۆلمەيدۇ.»

ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرغان ئەخمەتجان ئوسمان تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن تەزىيەسىنى بىلدۈردى.

## سېنى كۈتىمىز

*كېتىپ قالدىڭ بالدۇر نىمانچە،*
*ئاتمىدىغۇ تېخى تېڭىمىز؟*
*مۇڭداشقانچە دۇتارىڭ بىلەن،*
*تۈنۈمەكتە مىللىي ئېڭىمىز.*

*چاقىردىمۇ ياكى شېھىتلەر،*
*ئاڭلىغۇسى كېلىپ بىر پەدە.*

*سوراپ باققىن ئۇلاردىن دوستۇم،*
*قۇياشىمىز تېپىلار نەدە؟*

*كېلەلمىسەك ئەگەر سەن قايتىپ،*
*بىز قالىمىز ئۇچۇرسىز يەنە.*
*ئاي يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىمىزدا،*
*قالار زۇلمەت قىلىپ تەنتەنە.*

## ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلار

ئىنسان ئارزۇ بىلەن ياشايدۇ. ئارزۇ ئىنسانغا جاسارەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. كۆرەش ئارزۇلارغا باي ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى يۇلتۇزدەك ساناقسىز ئىدى. ئۇ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، گۈزەل ئارزۇلارغا چۆمۈلۈپ ياشايتتى. ئەلۋەتتە ئارزۇلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كۆرەشنىڭ كۆز ئالدىدىكى بەش يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدىغان ئىككى ئارزۇسى بار ئىدى. بىرى، قول تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان 10 توملۇق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش، يەنە بىرى، 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇسابىقىسى مەزگىلىدە ۋەتەنگە قايتىپ، ئۇيغۇرلار تارتىۋاتقان زۇلۇمنى نەق مەيداندىن خەلقئاراغا جاكارلاش ئىدى. ئەگەر ئۇ شۇ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئارمىنى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ ئارمانلىرىغا، ئارمانلىرى ئۇنىڭغا كۆمۈلدى.

كۆك ئاسمانغا تەلمۈرگەن كۆزلىرى ئۇچۇق كەتتى. ئۇ قىسقا ياشىدى، ئەمما چولپاندەك پارلاپ ياشىدى.

ئۇنىڭ بىلەن غايىۋانە دېدارلىشىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ روھىغا ئالاھتىن جەننەت تىلەيمەن.

## كەم قالغان ئىككى ئېغىز سۆز

كۈرەش ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدا تەگرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بىر قىسىم فىلىملارنىڭ باش ناخشىسىنى ئورۇندىغان ئىدى. «كۆلەڭگە»، «تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل»، «غۇنچەم» قاتارلىق كىنولار بۇلارنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. «غۇنچەم» ناملىق كىنو 90 - يىللارنىڭ بېشىدا تەگرىتاغ كىنو ئىستۇدىيىسى تەرىپىدىن فىلىم قىلىپ ئىشلىنىپ، پۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قويۇلۇشى چەكلەنگەن. كۈرەش بۇ فىلىمنىڭ ئاساسلىق ناخشىلىرىنى ئېيتقانىدى.

2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاماملاندى.